2025 ئاۋغۇست
ئومۇمىي 72-سان



# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

2025 ئاۋغۇست
ئومۇمىي 72 -سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئازادئاي غەيرەت

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

## 72 ـ ساندىكى ئەسەرلەر


| ئەسەر ئىسمى | ئاپتورى | بەت |
|---|---|---|
| ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى | ستەنلى رىدگلېي | 1 |
| خىتاينىڭ پاسپورت توزىقى: ئۇيغۇرلارغا قارشى خەلقئارالىق ئۇرۇشتىكى يېڭى سەپ | سوفىيا يان | 11 |
| تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ بەگلەر بېگى مەھمۇد جانىبەگ | ھاجى ئەكبەر | 17 |
| ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىدىكى خىتاي جاسۇس | | 22 |
| راھىبلىقتىن كارخانىچىلىققىچە: جەي شەتىينىڭ كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان ھايات ھېكايىسى | مايكىل لېئونارد | 26 |
| ئېپستىن دېلوسى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىمىز | BBC | 33 |
| ئامېرىكادا يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان ئۆچمەنلىك جىنايەتلىرى يۇقىرىلىغان | ئىتامار ئېشنىر | 37 |
| خىتاينىڭ تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشىغا تەيۋەن خەلقى قانداق قارايدۇ؟ | تېسا ۋوڭ | 40 |
| سودا دۇنياسىدىكى بەش چوڭ رىقابەتچى | Fortune Staff | 49 |
| سىزگە بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدىغان 12 ئادەت | ئەن پېترەنجىلو | 56 |
| ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ خىتايلارنىڭ مۇھىم ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى نىشانغا ئالغانلىقى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى | ئېرىك گېلر | 64 |
| كىملەرگە ئىشىنىپ كىملەرگە ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك | دوختۇر مەمەت ئىمىن | 68 |
| دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار | | 72 |

ئىستراتېگىيە

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى



پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي



# سېنارىيە ئانالىزى ئارقىلىق كەلگۈسىنى تۇتۇۋېلىش

(22 ـ لېكسىيە)

كەلگۈسى قارار چىقىرىشىمىز جەھەتتە بىزگە بىر زىتلىقنى سۇنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ توغرا قارار چىقىرالىشىمىز ئۈچۈن كەلگۈسىنى بىلەلىشىمىز لازىم. لېكىن بىز كەلگۈسىنى بىلەلمەيمىز. بۇ قىيىن ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا ياردەمچى بولىدىغان ئۈنۈملۈك قوراللاردىن بىرى «سېنارىيە ئانالىزى»دۇر. سېنارىيە ئانالىزى — توختاۋسىز رەۋىشتە «ئەگەر بۇنداق بولسىچۇ؟» دەپ سوراش، شۇنداقلا جاۋابلىرىمىزنى كېلەچەككە مۇناسىۋەتلىك ئەقىلگە سىغىدىغان تەسەۋۋۇرلار ھالىتىدە بىر يەرگە جۇغلاش جەريانىدۇر.

## پرېزىدېنتنىڭ كۈندىلىك قارار ئانكېتى

ئامېرىكا تاشقى سىياسىتىنىڭ مۇھىم بىر پارچىسى — پرېزىدېنتنىڭ كۈندىلىك قارار ئانكېتى بولۇپ، بۇ ئانكېتتا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئالدىمىزدىكى 24 سائەت ئىچىدە دۇنيادا نېمە ئىشلار يۈز بېرىشى تەخمىن قىلىنغان. بۇ ئانكېتنىڭ مەقسىتى نائېنىقلىقنى ئازايتىش ئارقىلىق مۇمكىنقەدەر كەسكىن ھالدا مۇھىم قارارلارنى چىقىرىشتۇر.

ھەممىمىز نەزىرىمىزنى كەلگۈسىگە نىسبەتەن مۇمكىنقەدەر كەڭرى تۇتۇشنى خالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كېلەچەكنىڭ ئۇيۇقى دائىملا بىزگە يېقىنلاپ كېلىدۇ. بۇ قەدەر كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە بولۇشىمىزغا قارىماي، بىزنىڭ كەلگۈسىنى كۆرۈش ئىقتىدارىمىز ھەر قانداق چاغدىكىدىنمۇ بەك قاشالانغان ھالدا.

## نائېنىقلىق خەتەرگە تەڭ

سودا دۇنياسىدا ئېنىقسىزلىق خەتەرگە، خەتەر ئىقتىسادىي زىيانغا تەڭداش دەپ قارىلىدۇ. شىركەتلەر خەتەرنى ۋە تىجارەت چىقىمىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئېنىقسىزلىقنى (نائېنىقلىقنى) ئازايتىشقا تىرىشىدۇ.

كەلگۈسىنىڭ نېمە ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سوئال بىر باش دىرېكتورغا نىسبەتەن ياكى شىركەت رەھبەرلىك قاتلىمىغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم سوئال ھېسابلىنىدۇ. رىقابەتكە دۇچ كەلگەن ھەر قانداق كىشى كەلگۈسىدىكى ئاقىۋەتنى بىلىشكە ئىنتىلىدۇ.

كەسكىن رىقابەتكە تولغان سودا دۇنياسىدا تىجارەتنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنىڭ، رەقىبلەرنىڭ ۋە بازارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە مۇمكىنقەدەر كۆپ نەرسە بىلىش بىر زۆرۈرىيەت ھېسابلىنىدۇ.

## كەلگۈسنى كۆرۈش دېگەن نېمە؟

شاھمات ئويۇنى چەكلىمىلىككە ئىگە ۋە يۈزدە يۈز چۈشەنگىلى بولىدىغان پائالىيەتتۇر. ئەمما، بىر ھۇجۇمنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتىنى تەخمىن قىلىش 1600 تال مۇمكىنچىلىك ئىچىدىكى ئورۇننى بىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئىككى ھۇجۇمنى تەخمىن قىلىش بولسا 2.5 مىليون ئورۇننى بىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

شىركەت باش دىرېكتورلىرى ۋە باشقا تىجارىي رەھبەرلەر ھەر كۈنى بىر شاھمات ئويۇنىدىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ساندىنمۇ كۆپ خىلمۇ خىللىققا دۇچ كېلىدۇ. (ئەھۋال بۇنداق ئىكەن) ئۇلار (نىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنى قويغىنىمىزدا) قارار چىقىرىشتا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ كۆپ خىللىقىنى ھەل قىلىدىغان بىر جەرياننى قانداق قۇرۇپ چىقالايمىز؟

(بۇ جەھەتتە) ئوتتۇرىچە ھەل قىلىش چارىسى سۇنىدىغان قوراللاردىن بىرى سېنارىيە ئانالىزىدۇر. سېنارىيە ئانالىزى نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ھەم ئەسكىرىي، ھەم تىجارىي ساھەلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىپ كەلدى. سېنارىيە ئانالىزىدىن ئىبارەت بۇ ھەل قىلىش جەريانىدا كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان مۇمكىنچىلىك ئىچىدىكى ئىشلار توغرىسىدا بىر تىزىملىك تۈزۈپ چىقىلىدۇ.

بۇ تىزىملىكتىكىسى ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە تەخمىن ئەمەس. ئۇنىڭدىكىسى بىزگە ياكى بىزنىڭ ئورگىنىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالقىلىق ئامىللار ھەققىدە «ئەگەر بۇنداق بولۇپ قالسىچۇ؟» دېگەن سوئالدىن كېلىپ چىققان نەتىجىلەردۇر.

بۇ چارە تەتقىقات جەريانىمىزنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە، بىز قولغا چۈشۈرگەن ئۈچۈرلارنى كېلەچەككە مۇناسىۋەتلىك ئەقىلگە سىغىدىغان تەسەۋۋۇرلار ھالىتىدە بىر يەرگە جۈغلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

### كەلگۈسىنى مەشىق قىلىش

كۆپىنچىمىز سېنارىيە (تەسەۋۋۇر) پىلانلاش پىكىرىگە ئاللىقاچان تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەنمىز. بىز ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش، رېپىتىس قىلىش دېگەندەك، ۋەياكى جىددىي ئەھۋال پىلانى دېگەندەك باشقىچە ئىسىملارنىمۇ بېرەلەيمىز. بىراق، نۇرغۇنلىرىمىز بەزى ھاللاردا چوقۇم مۇشۇلارنى (يەنى كەلگۈسىدە مۇنداق ئىش بولۇپ قالسا مۇنداق يول تۇتۇش، ئۇنداق ئىش بولۇپ قالسا ئۇنداق يول تۇتۇش پىلانىنى) قىلىپ باققان. گەپنىڭ خۇلاسىسى، سېنارىيە تۈزۈپ چىقىش — كەلگۈسىنى مەشىق قىلالىشىمىزنى روياپقا چىقىرىدۇ.

ئارمىيە ياكى ساقچى دائىرىلىرى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئورگانلار بەئەينى تەنھەرىكەت كوماندىلىرىغا ئوخشاش توختاۋسىز رەۋىشتە كەلگۈسىنى مەشىق قىلىدۇ.

ئۇنۇمدار سېنارىيەلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرىدىن بىرى — قايتۇرۇلىدىغان جاۋابنىڭ تەخمىن قىلىنغان (پىلانلانغان \ تەسەۋۋۇر قىلىنغان) ھادىسىگە ئىنتايىن يېقىن كېلىدىغان شەرت - شارائىتلار ئاستىدا رېپىتىس قىلىنىشىدۇر. پۇتبولچىلار تەسەۋۋۇر قىلىنغان ھادىسىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى مۇسابىقە مەيدانىدىكى شارائىتلارغا ئوخشايدىغان شارائىت ئىچىدە تۇرۇپ مەشىق قىلىدۇ. ئۈستۈن سەۋىيەلىك كوماندىلار (گۇرۇپپىلار) رېئاللىققا دەلمۇ دەل ئوخشىشىدىغان شەرت - شارائىتلار ئىچىدە مەشىق قىلىدۇ. (ئەسكىريي گۇرۇپپىلارنىڭ) راست ئوق - دورىنى (يەنى پىلىكى تارتىۋېتىلگەن قول بومبىسىنى) بىر تەرەپ قىلىشى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە. تاكتىكىلىق مۆلچەرلەش مەشىقلىرى كۆنلەرچە داۋام قىلىدۇ ۋە ئەزالىرىنى ھەددىدىن زىيادە بېسىم ئاستىدا قويۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سودا دۇنياسىدا رەقىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سېنارىيەلەردە كىرزىس قارارلىرىنى تەقلىد قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش ئويۇنلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ مەشىقلەر يۇقىرىقى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنى رەھبەرلەر يىغىنىدا بەزى مۇئەييەن تاللاشلاردا بولۇشقا يول قويۇلمايدىغان قۇرۇلمىنىڭ تېشىغا چىقىپ كېتىش ئەۋزەللىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### سېنارىيە پىلانلاشنىڭ مەنبەلىرى

سېنارىيە پىلانلاش پىكرى ئاتوم ئىستراتېگىيىچىسى هېرمان كاهىننىڭ (Herman Kahn) تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان. هېرمان كاهن 1950 ـ يىللىرى «راند شىركىتى»دە ئىشلەۋاتقىنىدا ئاتوم ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك سېنارىيەلەرنى مەيدانغا چىقىرىشقا مەسئۇل بولغان.

1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا سېنارىيە پىلانلاش مېتودى پىيىر ۋاك (Pierre Wack) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋاكنىڭ تەلىماتى بەزى ئامىللارنى ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. (ئۇنىڭ نەزىرىدە) كەلگۈسى يۈز پىرسەنت قاراڭغۇ بولسا، پىلانلاش مەشغۇلاتىنىڭ هېچبىر ئەهمىيىتى قالمىغان بولاتتى.

ۋاكنىڭ نەزىرىدە، سېنارىيە پىلانلاشنىڭ مەقستى — پۈتۈنلەي نائېنىق ئامىللار بىلەن پەرەز قىلغىلى بولىدىغان ئامىللارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش ئىدى. پەرەز قىلغىلى بولىدىغان ئامىللار «ئالدىن بەلگىلەنگەنلەر» دەپ ئاتىلاتتى، ۋە بۇ ئالدىن بەلگىلەنگەنلەر هەر بىر سېنارىيەدە ئوخشاش ئۇسۇلدا ئىشقا سېلىناتتى. هالبۇكى، نائېنىقلىقلار بولسا هەرىكەتكە ئۆتەتتى ۋە كېلەكچەكنىڭ ئۈپۈقى كېڭەيگەنسېرى پەرقلىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

### سېنارىيە پىلانلاشنىڭ نىشانلىرى

سېنارىيە پىلانلاشنىڭ تۈنجى نىشانى — هەر خىللىقتا ئىگە كەلگۈسى ئۈچۈن كۈچلۈك پىلان ۋە قارارلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتۇر.

كۈچلۈك پىلانلار ۋە قارارلار ئۈقۈمى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئۇقۇم. بىر تەكلىپنى مۇمكىن بولغان ئەڭ ياخشى سېنارىيەگە بىنائەن ئۆلچەشنىڭ ئورنىغا، جەرياندىن ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق سېنارىيەلەرگە قارىتا ئۆلچىنىدۇ.

پىلانلار بارلىق سېنارىيە ئاستىدىكى ئەڭ تۆۋەن تەلەپنى ئورۇندايدىغان شەكىلدە هازىرلىنىدۇ. پىلانلار ۋە قارارلار كۆڭۈلگە ياقىدىغان كەلگۈسىگە قارىتا ئەمەس، مۇمكىنچىلىك ئاستىدىكى بىر قاتار كەلگۈسىگە قارىتا ئۆلچىنىشى ئۈچۈن ئورگاننىڭ ھەممە قاتلىمىدا سېنارىيەنى ئاساس قىلىش كۈلتۈرى ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ.

ئىككىنچى نىشان كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىش سۇپىتىنى ئاشۇرۇشتۇر. سېنارىيە پىلانلاش بىرلا «رەسمىي كەلگۈسى» ھاسىل قىلىدىغان، ھېساب ـ كىتابى ئېنىق بولغان تۈز سىزىقلىق تەپەككۇر جەريانىغا قارىغاندا زېھنىمىزنى تېخىمۇ بەك جانلاندۇرىدۇ. سېنارىيە پىلانلاش بىزنى سېنارىيە پىلانلىمىغىنىمىزدا نەزەردىن ساقىت قىلىشىمىز مۇمكىن بولغان مۇمكىنچىلىكلەر ھەققىدە كاللا قاتۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

ئۈچىنچى نىشان، ئىنسانلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆچۈرلارغا باھا بېرىش ئۇسۇلىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە بېيىتىشتۇر. سېنارىيە پىلانلاش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ چۈشەنچىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ روشەن ۋە سەۋىيەلىك رەۋىشتە ئۆچۈرلارغا باھا بېرىش مۇمكىن بولىدۇ.

### سېنارىيە پىلانلاش ئۈچۈن ئاساسى جەريان

سېنارىيە پىلانلاش ئۈچۈن ئاساسى جەريان بىر قاتار سوئالىنىڭ سورىلىشىنى ۋە جاۋابلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالدى بىلەن مەركىزىي مەسىلىنى ياكى قارارنى ئېنىقلاشتۇرىسىز. سىزنىڭ قىلغىنىڭىز قايسى، قىلماقچى بولغىنىڭىز قايسى؟ بۇ مەسىلە شىركەتنىڭ ۋەزىپىسى ۋە شۇ ۋەزىپىنى روياپقا چىقىرىش تىرىشچانلىقىدىن نەتىجىلەنگەن نىشانلار تەرىپىدىن روياپقا چىقىرىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، يەرلىك مۇھىتتىكى مۇھىم ئامىللار قايسىلار؟ ئۆزىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت كۆرسەتكۈچى سۈپىتىدە نېمىلەرنى كۆرىسىز؟ خېرىدارلار، مال تەمىنلىگۈچىلەر، رىقابەتچىلەر ۋە باشقا ئاچقۇچلۇق ئامىللار توغرىسىدىكى تەخمىنلىرىڭىز قايسى؟

ئۈچىنچىدىن، سىز ئىلگىرى تونۇغان ھالقىلىق ئامىللارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ماكرو مۇھىتتىكى تۈرتكە بولغۇچى كۈچلەر قايسى؟ بۇنىڭغا نوپۇس ئۆزگىرىشلىرى، ساھەنىڭ چوڭىيىشى، تېخنولوگىيىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە سۈرئىتى، رەقىبلەرنىڭ پائالىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى قوشۇڭ.

ئاندىن، ئەڭ كۈزگە كۆرۈنەرلىك نائېنىقلىقنى ئىزدەپ ئامىللارنى ۋە كۈچلەرنى تەسىرى ۋە نائېنىقلىقىغا قارىتا تىزىپ چىقىڭ. بۇ ئىككى كۈچكە ئۆرنەك سۈپىتىدە ئامېرىكانىڭ قەرزنى قايتۇرالماسلىقى جەھەتتىكى نائېنىقلىقنى ۋە ئامموۋي كۆز قاراشنىڭ مۇئەييەن بىر ئىجرائاتى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشچانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

سېنارىيە مەنتىقىسىنى تالالاڭ. بۇ مۇھىتتا ئالاقىدار تەسىرىي كۈچلەرنى ئىشلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەنلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئامىللارنى ھەر ئىككىسى ئۈستۈن ۋە تۆۋەن ھالەتتە ئۆلچىنىدىغان ئىككى تەسىرگە بىنائەن تەرەققىي قىلدۇرىسىز.

## سېنارىيە ئانالىزىنىڭ كۈچى

ئالتىنچى قەدەم، سېنارىيەلەرگە گۆش ۋە سۆڭەك ئاتا قىلىش، پارچىلارنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىشتۇر. (ئاقىۋەتتە) كەلگۈسىگە ئالاقىدار بىر ھېكايە بايان قىلغان بولىسىز.

ئارقىدىن ھەر بىر سېنارىيەنىڭ ئەسلى دىققەت مەركىزىڭىز ئۈستىدىكى تەسىرلىرىنى بەلگىلەيسىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قارارنىڭ تەرەققىيات مۇھىتى ئىچىدىكى تۆت مۇمكىنچىلىكىنىڭ ھەر بىرىدە قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىغا باھا بېرىك.

ھەر بىر سېنارىيەگە كرىس ھالىتى ياكى ئوچۇق بازار دىنامىكى دېگەندەك ماھىيەتلىك ئىسىم قويۇش پايدىلىق بولىدۇ.

سېنارىيە ئانالىزىنىڭ كۈچى قوبۇل قىلىنغاندىن قىسقا بىر مۇددەت ئىلگىرى «Royal Dutch Shell» ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى.

«Shell» شىركىتى 1965 ـ يىلىغا قەدەر «تەخمىن ۋە كونترول قىلىش» نامى بېرىلگەن تاكتىكا بويىچە ئىش كۆرەتتى. بۇ تاكتىكا رېئال سوئاللارغا تايانغان، كەلگۈسى تەخمىننى پەقەتلا بىر قۇرلۇق قىلىپ بايان قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئۇسۇل «Shell» شىركىتىدە تۈرلۈك سېنارىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە ئۆزگەرتىلدى. لېكىن، ھەر بىر سېنارىيەگە بىر يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بېرىلدى.

يېڭى سېنارىيە پىلانلاش جەريانى مۇمكىنچىلىككە ئەمەس، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىگە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تەڭداش دەرىجىدىكى مۇۋاپىق سېنارىيەلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭدىكى مەقسەت باشقۇرغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى جانلاندۇرۇش ئىدى.

## شەخسىي سېنارىيە پىلانلاش

«Shell» شىركىتىنىڭ سېنارىيە پىلانلاش جەريانىغا كەلگەن تۈنجى چوڭ سىناق 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يۈز بەردى. سىناق نېفىتنىڭ باھاسى مەسىلىسى ئىدى. «Shell» شىركىتى دەسلىۋىدە ئالتە سېنارىيە تەييارلىغان بولۇپ، بۇلاردىن بىرى كىرىزىس سېنارىيەسى بولۇپ، ئۇ دەۋردە بۇ سېنارىيە مەنتىقىگە زىت ئىدى.

كىرىزىس سېنارىيىسى ھەممەيلەننى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان 1973 ـ يىلىدىكى نېفىت كىرىزىسىنى ۋە نېفىت ئىمبارگوسىنى ئالدىن پەرەز قىلغان ئىدى. «Shell» شىركىتى كىرىزىسنى يېڭىش ئۈچۈن باشقا بارچە شىركەتلەدىنمۇ بەك تەييار ھالەتتە ئىدى ۋە كىرىزىس كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىجىلەرنى ئالدىن ئويلاشقان ئىدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە، «Shell» شىركىتى نېفىت سودىسى ۋە ياۋروپا نېفىت ـ خىمىيە مەھسۇلاتلىرى ساھەسىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمىدىن ئارتىپ كېتىشىنى توغرا تەخمىن قىلىپ، بۇ تەخمىنلەرنىڭ نەتىجىسىنى رەقىبلىرىدىن ئىلگىرى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى.

سېنارىيەلەرنى ئۆز ھاياتىمىزغا تەتبىق قىلىشنىڭ يوللىرى كۆپىنچە چاغلاردا ئوچۇق. ئەمما كۆپىنچىمىز بۇ جەرياندىن تولىمۇ ئاز نىسبەتتە پايدىلىنىمىز. مەسىلەن، خىزمەتكە قوبۇل قىلىش ئۈچرىشىشىغا قاتنىشىدىغان ياشلار مەزكۇر ئۈچرىشىشنى ئالدىن رىپېتىس قىلىشتىن ناھايىتى چوڭ پايدىغا ئېرىشىدۇ.

سىزنىڭ سېنارىيەلىرىڭىز مۇئەييەن ئەھۋاللارنىڭ پەرقلىق شەكىللەردە ئوتتۇرىغا چىقالايدىغانلىقىغا دائىر ھۆكۈملىرىڭىزگە تايىنىپ تۈرۈپ ئۆزىڭىزدىن «ئەگەر مۇنداق بولۇپ قالسىچۇ؟» دېگەن شەكىلدە بىر قاتار سوئاللارنى سورىشىڭىزچىلىك ئاددىي بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىز بەلگىلىگەن سېنارىيەلەرنى رىپېتىس قىلسىڭىز بولىدۇ.

سېنارىيە پىلانلاشنى تولىمۇ پايدىلىق قىلىدىغان ۋەزىپىلەردىن بىرى بىر مەيدان نۇتۇق سۆزلەشتۇر. بۇ ھەرىكەت ئالدىن بەلگىلىگەنلەرنى ۋە ناپىنىقلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ناپىنىقلىقلارغا نۇتۇقىڭىزنى مەشىق قىلىش ۋە بىر دوستىڭىزدىن كەلگەن بۇ ھەقتىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇرالايسىز.

بەزىدە ئېنىقسىزلىقلارنى تەخمىن قىلىش ئاساسەن مۇمكىنسىز ھالغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، شۇنداق ھەر قانداق ئەھۋالدا سىزگە پايدا كەلتۈرىدىغان، ئۆلچەملەشكەن جاۋابلار شەكىللەندۈرەلەيسىز.

### ئەقىلنى ۋە پىلانلاشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش

پرىزدېنتنىڭ كۆندىلىك قارار ئانكىتى — كەلگۈسىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىدىغان بىر كرىستال شارچىغا ئىگە بولۇشقا ئەڭ يېقىن نەرسە بولۇشى مۇمكىن. پرىزدېنتنىڭ كۆندىلىك قارار ئانكېتى كەلگۈسى ھادىسىلەر ئۈچۈن ئومۇمىي نىشانلارنى تەۋسىيە قىلىدىغان ئانالىز قىلىنغان ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىراق، بۇ خىل ئىستىخبارات پەقەتلا سىنارىيە پىلانلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن تامامەن ھەرىكەتكە ئۆتەلەيدىغان ھالغا كېلىدۇ. كەلگۈسى باش دېرىكتورلارنى، پرىزدېنتلارنى، گېنىراللارنى ۋە بىزلەرنى قايمۇقتۇرىدۇ. بىز سىنارىيە ئانالىزى ئارقىلىق پىلانلىرىمىزنىڭ ۋە قارارلىرىمىزنىڭ بىز تەسەۋۋۇر قىلغان ئەڭ يامان ئېھتىماللىققا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى بىلگەن ئاساستا ئىشەنچ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

### بىلىشكە تېگىشلىك ئىسىملار

ھېركان كاھن [Kahn, Herman] (1922 ـ 1983): نيۇيوركلۇقلار گېزىتى تەرىپىدىن «پەۋقۇلئاددە ئۇستىلىق سەۋىيەلىك ئاقىل» دەپ ئاتالغان كىشى بولۇپ، ئاتوم ئۇرۇشى ئىستراتېگىيىسىنى ئاساس قىلغان ئۆتۈقلۇق كەلگۈسىشۇناس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ياپونىيەنىڭ دۇنياۋىي ئىقتىسادىي كۈچ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن مەلۇمات بەرگەن تۇنجى كىشىدۇر.

پىررى ۋاك [Wack, Pierre] (1922 ـ 1997): تەجرىبىلىك سىنارىيە ئانالىزچىسى.

### تەۋسىيە قىلىنىدىغان كىتاب:

Gilad, *Business War Games*. ———, *Early Warning*.
Schwartz, *The Art of the Long View*.

### ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار:

1. تەبىئىي مايىللىق شۇنى پەرەز قىلىدۇكى، كەلگۈسىمىز باغلىق بولغان نۇرغۇن تاللاشلار ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولساقمۇ، تارىخنىڭ ئۇدۇل رەۋىشتە ئىلگىرىلەيدىغانلىقىنى، بىر كەلگۈسىنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشتۇر. مەشىق بولسۇن ئۈچۈن، شىركىتىڭىز ئۈچۈن ياكى ئۆزىڭىز ئۈچۈن مۇھىم بىر قارار نۇقتىسى تاللاڭ ۋە مۇمكىنچىلىك ئىچىدىكى كەلگۈسىنىڭ قانداق ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرىڭىزدا جانلاندۇرۇڭ.

2. ئوخشىمايدىغان قارارلار سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئىككى ياكى ئۈنىڭدىنمۇ كۆپ نەتىجە ئېتىبارغا ئېلىنغىنىدا، رېئاللىقتا ئۇيغۇن سىنارىيەلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ بىر يولى — مۇھىم رولچىلارنىڭ ئوخشىمىغان ئاگاھلاندۇرغۇچىلارغا قايتۇرىدىغان ئىنكاسلىرىغا قاراپ چىقىشتۇر. «مەن مۇنداق قىلسام، قارشى تەرەپ قانداق قىلىشى مۇمكىن؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىڭىزدىن سوراڭ. سىز ئۈچۈن مۇھىم قارار ھېسابلىنىدىغان، يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ئىشنى كۆز ئالدىڭىزغا ئەكىلىڭ. سىز ئۇ ئىشقا قانداق قارار چىقاردىڭىز؟

3. بىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇرغۇنلىغان تاشقى ئامىللارنى تۈرگە ئايرىپ چىقىشىمىز قىيىنغا توختايدۇ. «كەلگۈسى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سوراش بارچە لېدىرلارنى ئالاقزادىلىككە سالىدىغان مەڭگۈلۈك سوئالدۇر. بۇ سوئالنىڭ جاۋاب بەرگىلى بولىدىغان باشقىچە شەكلى مۇنداق «مۇمكىن بولغان ئۈچ خىل كەلگۈسى قايسى؟» مۇشۇنىڭدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، تۆرلۈك مۇمكىنچىلىك ئىچىدىكى سىنارىيەلەرنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن كۈچلۈك بىر جاۋاپ تەييارلايمىز. ئۆزىڭىز ياكى يېقىنىڭىز ئۈچۈن مۇمكىنچىلىك ئىچىدىكى ئۈچ خىل كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىڭ ۋە ھەر بىرىگە بېرەلەيدىغان كۈچلۈك ئىنكاسلارنى بەلگىلەڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى




# خىتاينىڭ پاسپورت تۈزۈمى: ئۇيغۇرلارغا قارشى خەلقئارالىق ئۇرۇشتىكى يېڭى سەپ

سوفىيا يان

# خىتاينىڭ پاسپورت توزىقى: ئۇيغۇرلارغا قارشى خەلقئارالىق ئۇرۇشتىكى يېڭى سەپ

سوفىيا يان

خىتاي، زۇلۇمدىن قېچىپ چەتئەللەرگە چىقىۋالغان ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە تۇتۇپ ـ سولاش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە ئۆلۈمگە يۈزلىنىشى مۇمكىن بولغان ئائىلىلىرىنى قايتىپ كېلىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولمايدىغان پاسپورت چىقارماقتا.

چەتئەللەردىكى خىتاي باش ئەلچىخانىلىرىنىڭ چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قەستەنلىك بىلەن خاتا ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساياھەت گۇۋاھنامىسى چىقىرىۋاتقانلىقىغا ۋە بۇ ئارقىلىق چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەت تەرىپىدىن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش خەترىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىغا ئائىت قانائەتلەر مەۋجۇت.

خىتاي زۇلۇمىغا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدىن خىتاينىڭ قولىغا قايتۇرۇلۇپ بېرىلىشى — ئۇلارنىڭ تۈرمىگە كىرىشىدىن، ياكى «تەربىيىلەش مەركەزلىرى»دە «تەلىم» ئېلىشىدىن، ۋەياكى قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچ كېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

1998 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن قىرغىزىستاندا ياشاۋاتقان ئوبۇلقاسىم ئىسمائىل «تېلگراف» گېزىتىگە بەرگەن باياناتىدا، مۇشۇ يىلى ئەتىيازدا خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئۆزىگە يېڭى بىر پاسپورت بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن يېڭى پاسپورتتىكى رەسىم ئۇنىڭ رەسىمى ئىدى، ئەمما ئىسىم بىلەن تۇغۇلغان ۋاقتى ئۇنىڭغا ئائىت ئەمەس ئىدى. 1973 ـ يىلى، 3 ـ ئاۋغۇست تۇغۇلغان ئوبۇلقاسىم ئىسمائىلنىڭ پاسپورتتىكى ئىسمى «ئەسقەر نۇرمەمەت»، تۇغۇلغان ۋاقتى «1966 ـ يىلى، 3 ـ

ئاۋغۇست» دەپ يېزىلغان بولۇپ، پاسپورتتىكى ئىسىم ئۇنىڭ ئىسمى بولمايلا قالماي، پاسپورتتىكى تۇغۇلغان ۋاقىتمۇ ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئەمەس ئىدى.

ئوبۇلقاسىم ئىسمائىل خىتاي ئەلچىخانا خادىملىرىغا پاسپورتتىكى ئۇچۇرلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنى پاسپورتنى قوبۇل قىلىشقا زورلىغان. پاسپورتنى توغرىلىماقچى بولسا شىكايەت ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان.

بۇ يىل 52 ياشقا كىرگەن ئوبۇلقاسىم نۆۋەتتە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئىزتىراپ ئىچىدە ياشىماقتا. ئۇ قىرغىزىستان بىخەتەرلىك دائىرىلىرىنىڭ نەزىرىدە «ساختا پاسپورت»قا ئىگە دەپ قارىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يېقىن مەزگىلدە قىرغىزىستاندىن خىتايغا يولغا سېلىۋېتىلىش خەتىرىگە دۇچ كەلگەن.

«تېلگراف» قا سۆز قىلغان ئوبۇلقاسىم مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ۋەتەنگە قايتسام مېنى تۈرمىگە تاشلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ۋەتەنگە يولغا سېلىۋېتىلسەم بېشىمغا قانداق يامان ئىش كېلەر دەپ بەك قورقۇپ تۇرىۋاتىمەن...»

2014 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇمى زور دەرىجىدە ئاشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى بىر مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرى»دە (ئەمەلىيەتتە جازا لاگېرى) قانۇنسىز رەۋىشتە تۇتۇپ تۇرماقتا. خىتاي يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرنى ناماز ئوقۇغانلىقى، روزا تۇتقانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە قاماپ جازالىدى.

خىتاينىڭ چەتئەللەرگە چىقىپ كەتكەنلەرنى نىشانغا ئالغانلىقىنى ئېنىق. خىتاي ھۆكۈمىتى «ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ئۆز دۆلىتىگە قېچىپ بېرىۋالغان <جۇڭگولۇق> قاچقۇنلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش سالاھىيىتىنى بىكار قىلىشى ۋە كۆچمەنلىك قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن رەۋىشتە دۆلىتىمىزگە ياكى ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە قايتۇرۇۋېتىلىشى» ئۈچۈن «يىپ ئۇچى» بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى بىلدۈردى.

بىراق، خىتاينىڭ كىمنى «قاچقۇن» دەپ قارايدىغانلىقى تولىمۇ سۇبيېكتىپ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، خىتاي ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر قاتارلىق سىياسىي مۇخالىپلارنى خىتاي جىنايەتچى دەپ قارايدۇ.

خىتاي چەتئەل تۇپراقلىرىدا ئۆزى جىنايەتچى دەپ قارىغان كىشىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن كادىر ئەۋەتىپ، نىشانلىغان كىشىلەرنى مەخپىي تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە سولىغان. خىتاي بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇللىرىنى

توختاۋسىز رەۋىشتە يېڭىلاپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلماقتا.

ئىلگىرىكى يىللاردا ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى خىتاي ئەلچىخانىلىرى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە ياكى خىتاي ھۆكۈمىتىگە نەپرىتى بار دەپ قارالغان كىشىلەرگە پاسپورت چىقىرىپ بېرىشنى رەت قىلىپ، ئۇلارغا پاسپورت ئېلىش ئۈچۈن «ۋەتەن»گە قايتىشى كېرەكلىكى تەلىماتىنى بېرەتتى. ۋەتەنگە قايتقانلارغا بولسا پاسپورت بەرگىلى ئۇنىماي، ئۇلارنىڭ چەتئەلگە ساياھەت قىلىشىغا چەكلىمە قوياتتى. بۇ ھال خەلقئارادا ئەيىپلەشكە دۇچ كەلگەن ئىدى.

مۇتەخەسسىسلەر ئوبۇلقاسىمغا خاتا مەلۇماتلىق پاسپورت بېرىلىشىنى — خىتاينىڭ جىمىقتۇرۇۋشنى نىشانلىغان كىشىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە يېڭى يول تۇتقانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ قارىماقتا.

خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى پاش قىلىش ئاساسى خىزمىتى بولغان «Safeguard Defenders» خىزمەتچىسى لاۋرا ھارس (Laura Harth) مۇنداق دەيدۇ: «خىتاينىڭ ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۈچۈن باشقا دۆلەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئۇلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغۇزۇش تاكتىكىسى ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋىرىمىز بار. بۇ خىتاينىڭ رەسمىي سىياستى.»

خىتاينىڭ ئوبۇلقاسىم ئىسمائىلغا قىلغىنىدا يېڭى ھېسابلىنىدىغىنى، ئۇنىڭ پاسپورتىدىكى خاتا ئۇچۇرلار سەۋەبلىك ئوبۇلقاسىم ۋىزا مەسىلىسىدە بىر قاتار باش قېتىنچىلىققا دۇچ كېلىدىغانلىقى، ئاقىۋەتتە چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش قىسمىتىگە دۇچار بولۇش مۇمكىنچىلىكىدۇر.

ئوبۇلقاسىم ئىسمائىل ئاشپەز بولۇپ، ئاكتىۋىستمۇ ئەمەس، خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەرنى قىلغانمۇ ئەمەس. ئەمما، مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر بولۇشنىڭ ئۆزىلا خىتاينىڭ دۈشمەنلىكىگە دۇچ كېلىشتە يېتىپ ئاشىدىغانلىقىنى ئېيتىشماقتا.

ئوبۇلقاسىم ئىسمائىل 1998 ـ يىلى ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ قىرغىزىستانغا كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا بىر نەچچە قېتىملا بارغان. كېيىنكى 25 يىلدىن ئېتىبارەن يۇرتىغا قايتىپ باقمىغان. ئۇنىڭ يۇرتىدا قالغان تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى 25 يىللىق مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ۋاپات بولۇپ تۈگىگەن.

ئوبۇلقاسىم قىرغىزىستاندا ھاياتىنى يېڭىدىن باشلاپ، كېيىن ئۆز ئالدىغا رېستوران ئاچقان. قىرغىزىستاندا ئۆيلىنىپ، بىر نەچچە بالىنىڭ دادىسى بولغان. ئوبۇلقاسىم ئاز مەزگىل تۈركىيەدە ۋە ئۆزبېكىستاندا ئاشپەز بولۇپ خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چەتئەلگە چىققاندىن بۇيانقى كۆپىنچە ۋاقتى قىرغىزىستاندا ئۆتكەن.

خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى داۋام قىلدۇرۇش ۋە ئۆز نوپۇزىغا جەڭ ئېلان قىلالاش مۇمكىنچىلىكى بولغان كىشى ياكى گۇرۇپپىلارنى جىمىقتۇرۇشنى باش نىشان قىلغان ھالەتتىدۇر. چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ دەرىجىدىن ھالقىغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ تۇنجى پاش قىلغۇچىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئەندىشىسى بارغانچە ئېشىپ بارماقتا.

ئوبۇلقاسىم ئىسمائىل دۇچ كەلگەن ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنىڭ يەنە بىر خىل چۈشەندۈرۈلۈشى مۇنداق: ئوبۇلقاسىم 2013 ـ يىلى ئون يىللىق خىتاي پاسپورتىغا ئېرىشكەن بولۇپ، 2013 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن پاسپورتىنى يېڭىلاش ھاجىتى تۇغۇلمىغان ئوبۇلقاسىم ئىسمائىل شۇ يىللاردىن ھازىرغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا خىتاي خادىملىرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان.

مۇتەخەسسىسلەر يەنە ئوبۇلقاسىمنىڭ ئۆزى تۇغۇلغان غۇلجىدا 1997 ـ يىلى يۈز بەرگەن سىياسىي نامايىشقا قاتناشقان بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى، ياكى بۇ نامايىشقا مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەر بىلەن خاتا ھالدا بىرەر مۇناسىۋىتى بولۇپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالماقتا. يەنە بىر ئېھتىمال، خىتاي ئەلچىخانىسى پاسپورتتىكى ئۇچۇرلارنى خاتا يېزىپ قالغان بولۇپ، مەسىلە مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، پاسپورتتىكى خاتالىقنى تۈزىتىشنى خالىمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئوبۇلقاسىم ئىسمائىل نۆۋەتتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا مۇساپىر سۈپىتىدە ئىلتىماس قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى جاۋابنى ساقلىماقتا.

«كېچىسى كېلىپ بېشىمغا قارا خالتا كەيگۈزۈشىدىن، قوللىرىمنى باغلاپ، مېنى خىتايغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئايرودرومغا ئېلىپ مېڭىلىشىمدىن قورقىمەن» دەيدۇ ئوبۇلقاسىم ئىسمائىل.

«كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمەيدۇ. يۈرىكىم توختىماستىن ئەنسىز سوقىدۇ. ئايالىمنىڭ چاچلىرى بارغانچە ئاقىرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەپ تاپسىلا يىغلاشقا ئاران تۇرىدۇ. باللار تېخىمۇ بەك قورقۇنچ

ئىچىدە. ساقچى كېلىپ قالسا دەپ، دائىم يېنىمدا تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما، راستتىنلا ساقچى كېلىپ قالسا، ئايال ـ بالىلىرىمۇ، مەنمۇ نېمە قىلالايتتۇق...»

«نېمىشقا بۇنداق بولدى، بۇ جەھەتتە ھېچبىر سەۋەب بىلمەيمەن. ھازىر مەن ئەڭ خەتەرلىك ھالەتتە. مەن ھېچقاچان بۇ قەدەر قورقۇپ باقمىغان ئىدىم. مېنىڭ قانداق بولۇشۇم تامامەن ئۇلارنىڭ ئىنساۋىغا باغلىق بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. مەن ھېچقانداق خاتا ئىش قىلغىنىم يوق.»

لوندوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئوبۇلقاسىمنىڭ مەسىلىسىدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، غەرب مېدىيالىرىنى خىتاينىڭ يىراق غەربىگە جايلاشقان، ئۇيغۇرلار ياشايدىغان زېمىن ھەققىدە «يامان گۇمان ئاساسىدا» خەۋەر ئىشلەش  بىلەن ئەيىبلىدى.

مەزكۇر ئەلچىخانا يەنە ئۆز دۆلىتىدىكى بارچە مىللەتلەرنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق ئىچىدە، قانۇنىي ھوقۇقلىرى قوغدالغان ئاساستا ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ۋە بۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقتا ھەقىقىي ئېتىبار بېرىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، بۇ ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق مەنزىرىسىنىڭ خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى سىياسەتلىرىنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.yahoo.com/news/articles/sen-mccormick-defends-trump-controversial-110001932.html?guce_referrer=aHR0cHM6Ly93d3cuZ29vZ2xlLmNvbS8&guce_referrer_sig=AQAAADOAM0Mk97d70lzUDZsLNU92yW2SvTSEpG_axBeD2Aesj0cyhLNapBTRUbPIs8bAjOK02SWrgySSfqcuW8Meb00sHLg9MNt0N7OqpyxkigG_1zz_LBZrhwCrAZc_7s_OsxCAlwjnF6fErspXW0xdDXLMDNRm1sAgWb0Ig0027okG&guccounter=2



# تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ بەگلەر بېگى مەھمۇد جانبەگ

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ بەگلەر بېگى مەھمۇد جانىبەگ

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

مەھمۇد جانىبەگ تۆمۈرىيلەر دۆلىتىدە تەڭداشسىز شۆھرەت قازانغان سۇلتان مالىك كاشىغەرىينىڭ ئىستىداتلىق دانا ئىنىسى ئىدى. جانىبەگ ئەمىر تۆمۈرنىڭ ۋاپاتىدىن بىر يىل بۇرۇن سەمەرقەندتە تۇغۇلغان. ئۇ تۇغۇلۇشتىن سەل ئىلگىرى ئاتىسى تۆمۈر مەلىك ئەمىر تۆمۈرنىڭ زور قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلغان سەردارلار قاتارىدا ئاناتولىيەدىكى ئوسمانىلارغا جازا يۈرۈشى قىلىۋاتقان ئىدى. جانىبەگنىڭ تەلىيىگە، ئەينى چاغدىكى سەمەرقەند پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى توپلانغان كاتتا شەھەر ھالىغا كەلگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ باشلانغۇچ سەۋىيەدىكى ئىلىم تەھسىلات ھاياتى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن ئىدى. ئاتىسى تۆمۈر مەلىك ئۇنى تەربىيىلەشتە سەمەرقەندتىكى داڭلىق قەلەمدار ۋە ئەلەمدار ئەرباپلارنىڭ ياردىمىگە تايانغان.

مەھمۇد جانىبەگ سەمەرقەند ۋە بۇخارا شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا مەزكۇر جايلاردىكى تەسىرى ۋە نوپۇزى كۈچلۈك شەخسلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. كېيىنچە بۇ مۇناسىۋەتلەر ئۇنىڭ خانلىقتىكى مەركەز ۋە ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارالغان ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىدە ئۇدا 33 يىلدەك ئورۇنباسار نائىب ھۆكۈمران بولۇشىدا ئۇنۇمىنى كۆرسەتكەن.

مەھمۇد جانىبەگ تۆمۈرىيلەر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەمىر تۆمۈر كوراگانىنىڭ ئىلىمسۆيەر نەۋرىسى مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى. ئۇلار ھەر ئىككىسى دەسلەپتە تەخت ـ سەلتەنەت ۋە سىياسەت ئىشلىرىدىن بەكرەك ئىلمىي ئىشلارغا بېرىلگەن ئىدى. لېكىن، ئەمىر تۆمۈرنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتى بىلەن باشلانغان دۆلەتنىڭ يىمىرىلىش ۋە پارچىلىنىش خەۋپلىرى ئۇلارغا يېڭى قەد كۆتۈرگەن بۇ ياش دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى قوغداپ قېلىشتەك غايەت زور مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئارتىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، جانىبەگنىڭ سەلتەنەت ھاياتى 44 يېشىدا رەسمىي باشلاندى. چۈنكى، 1447 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەينى چاغدىكى تۆمۈرىيلەر دۆلىتى ھۆكۈمدارى مىرزا شاھرۇخنىڭ ۋاپاتى دۆلەتنىڭ پۈتۈن مەسئۇلىيىتىنى ئۇنىڭ يېگانە ئاززۇلۇق ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگكە يۈكلىگەن ئىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇخارادىكى مۇتەئەسسىپ روھانىيلارغا يامان كۆرۈنۈپ قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ سۇلتان

مالىك كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ دانا ئىنىسى مەھمۇد جانىبەگنىڭ قوللىشى ۋە يار ـ يۆلەك بولۇشى بىلەن ئىككى يېرىم يىلدەك سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن، بۇخارادىكى روھانىيلار مېڭىسىنى يۇيۇۋەتكەن ئوغلى ئابدۇللەتىف مىرزا تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىنلا تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئاتا قاتىلى ئابدۇللەتىف مىرزا ئالتە ئايدەك تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ تەرەپدارلىرى قولىدا قەتلى قىلىندى. گەرچە ماۋرائۇننەھىردىكى ئەمىرلەر ئابدۇللا مىرزا ۋە باشقا ياش مىرزىلارنى تەختكە چىقىرىپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەكسىچە خانلىقنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتكەن. بۇنى تېپىلماس پۇرسەت دەپ قارىغان دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرىنىڭ سەردارى ئەبۇلخەيرىخان ماۋرائۇننەھر ئۆلكىسىنى ئۆزىنىڭ ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەۋەسىگە قوشۇۋالماقچى بولغان. دەل ئاشۇ ھالقىلىق ۋاقىتتا غەرپتىكى خوشنا تۈركمەن ئاق قويىچىلار ۋە قارا قويىچىلار بەگلىكلىرىمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىراق، ئىران، شەرقىي ئاناتولىيە، خۇراسان ۋە ئەزەربەيجانلارنى تۆمۈرىيلەر قولىدىن تارتىۋالماقچى بولغان. ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە سۇلتان مالىك كاشغەرىي ۋە ئىنىسى مەھمۇد جانىبەگ خانزادىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئىستىپداتلىق نامزات ئەبۇ سەئىد مىرزانى «سۇلتان» ئۇنۋانى بىلەن تەختكە چىقارغان. بۇ ئەبۇ سەئىد مىرزا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ جەمەت تۇغقىنى ۋە كۈيئوغلى ئىدى. سۇلتان مالىكنىڭ دانا مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلغان ئەبۇ سەئىد مىرزا 1453 ـ يىلى ئىراقتا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان يۇنۇسخاننى سەمەرقەندتىكە چىللاپ كېلىپ، ئەمىر تۆمۈر زامانىدىن بۇيانقى بارلىق دۈشمەنلىكلەرنى تولۇق تۈگىشتىكە قەسەم قىلىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلىشقان. چۈنكى، ئەمىر تۆمۈردىن ئەبۇ سەئىدقىچە بولغان بەش نەپەر ھۆكۈمرانىنىڭ ھېچبىرى «سۇلتان» دەپ ئېتىراپ قىلىنمىغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى تۈركىستان ئاھالىسى تۆمۈرىيلەر جەمەتىنى سەلتەنەتنى تارتىۋالغۇچىلار دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئىلگىرىكى بارلىق ھۆكۈمرانلار پەقەتلا «ئەمىر» ياكى «مىرزا» دەپ ئاتالغان. ئەبۇ سەئىد مىرزا سۇلتان مالىك ۋە ئىنىسى جانىبەگنىڭ مەسلىھەتىنى توغرا دەپ قاراپ، 38 ياشلىق يۇنۇسخاننى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمرانى دەپ قاراپ، ئۇزلۇكسىز تۆمۈرىيلەر تەۋەسىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان شەرقىي چاغاتاي خانى ئېسەن بۇقاخاننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىغان. ئۇنىڭ بۇ خىل دانا چارىسى قالتىس ئۈنۈم بېرىپ، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى ئەمىر تۆمۈردىن باشلاپ 90 يىلغىچە بويسۇندۇرالمىغان ۋە ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدۇرالمىغان شەرقى چاغاتاي خانلىقى بىلەن يارىشىش تولۇق ئەمەلگە ئاشقان. سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغلى يۇنۇسخانمۇ توققۇز يىلغىچە ئۆز ئىنىسى ئېسەن بۇقا ۋە تەرەپدارلىرىنى يوقىتىپ تارىم، بالقاش، تۇرپان ـ قومۇل ۋە يەتتىسۇ ۋادىسىنى مەركەز قىلغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانىغا ئايلانغاندىن كېيىنلا، تۆمۈرىيلەرنىڭ شەرقتىكى ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقدىشىغا ئايلانغان.

ئاكا ـ ئۇكا ئەمىرلەرنىڭ مەسلىھەتلىرى بويىچە تۆمۈرىيلەر تەۋەسىدىكى ئەللىك مىڭدەك شەرقىي تۈركىستانلىق زورلاپ كۆچۈرۈلگەن خەلقنى يۇنۇسخاننىڭ قول ئاستىغا بۇيرۇپ بەرگەن سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا شەرق تەرەپتىكى 90 يىللىق رەقىبىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۇلۇغ بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر دەۋرىدە پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇلغان جايلارنى يەنە يېڭىدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈرۈشلىرىنى باشلاپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ، ئاكا ـ ئۇكا ئەمىرلەرنىڭ توققۇز يىل غايەت زور ھىممەت ـ جاسارەت كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، 1459 ـ يىلى تۆمۈرىيلەر سەلتەنىتى يەنە قايتا بىرلىككە كەلگەن، گۈللەنگەن قۇدرەتلىك ۋە كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتكە ئايلانغان.

مىرزا ئۇلۇغبەگ زامانىدىن بۇيان ھازىرقى ماۋەرائۇننەھىردە ئۇدا نائىب ھۆكۈمران بولۇپ كەلگەن مەھمۇد ھاجىبەگ ئەبۇ سەئىد مىرزا زامانىدىمۇ داۋاملىق ئۇنىڭ نائىبى سۈپىتىدە ماۋەرائۇننەھرنى ئىدارە قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن شىمال تەرەپتىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن پائال مۇداپىئە كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقتىكى خوشنىسى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئىناقلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، ئورتاق رەقىپلىرىدىن مۇداپىئە كۆرگەن. ھەتتا، نەچچە قېتىم دەشتى قىپچاقتا يۈرۈش قىلىپ، ئالتۇن ئوردا قەبىلىلىرىنى ئۇرال ۋە ئېتىل ۋادىلىرىغا سۈرۈۋەتكەننى ئاز دەپ، پات ـ پات ماۋەرائۇننەھرگە پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان شەرقتىكى قالماقلارنى بالقاش كۆلىدىن زايسان كۆلىگە قەدەر قوغلىۋەتكەن. جانىبەگ ئەڭ دەسلەپ 1450 ـ يىللىرى پايتەخت سەمەرقەندنى خاراب قىلغان دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرىنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە ئېلىپ كېلىدىغان پاراكەنچىلىكلىرىنى تولۇق تۈگىتىپلا قالماي، يەنە ئالتۇن ئوردا خانى ئەبۇلخەيرخاننى مەغلۇپ قىلىپ سىغناق شەھىرىگىچە قىستاپ كەلگەن قالماقلارنى بالقاش ۋادىسىغا قەدەر قوغلاپ چىقارغان. ئارقىدىنلا ئىتتىپاقدىشى يۇنۇسخان بىلەن ئىككى تەرەپتىن تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ، قالماق بۇلاڭچىلىرىنى بالقاش ۋادىسىدىن تاكى زايسان ۋادىسىغىچە قوغلىۋەتكەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ ئەشەددىي رەقىپلىرى بولغان دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرى ۋە قالماقلار ئۇنى «جانىبەگ دولداي» يەنى، «يېڭىلمەس تاغا جانىبەگ» دەپ ئاتىغان. نەتىجىدە، ئۇنىڭ مەشھۇر نامى تارىخقىمۇ شۇنداق پۈتۈلۈپ كەتكەن.

قالماقلار قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن يەتتەسۇ، بالقاش ۋە ئىلى ۋادىسى بوش قالغاندا، ئەھمەد ھاجىبەگ يۇنۇسخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەبۇلخەيرىدىن نارازى بولۇپ قېچىپ كەلگەن ئاكا ـ ئۇكا قازاق سەردارلىرىغا بۇ يەرلەرنى بۆلۈپ بېرىپ، قازاقلارنى قالماقلارغا قارشى ئالدىنقى سەپ جەڭگىۋار كۈچى قىلىپ قوللانغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدا 1465 ـ يىلى تارىختىكى تۇنجى قازاق خانلىقى ۋۇجۇتقا كەلگەن.

ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، مەھمۇد جانىبەگ قالماقلارنى ئېمىل ۋە ئالتايغا قەدەر قوغلاپ كېتىۋاتقىنىدا قېچىۋاتقان قالماق ئوقياچىلارنىڭ زەھەرلىك يا ئوقى ئۇنىڭ مۈرىسىنى ئېغىر يارىلاندۇرغان. ئۇ سەمەرقەندكە قايتىپ كېلىپ مەشھۇر ئوردا ھەكىملىرىگە كۆرۈنگىچە يارىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، زەھەر بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقاپ كەتكەن. ئۆزىنىڭ كۆنسېرى زەئىپلىشىپ زادىلا بولالماي قالغىنىنى ھېس قىلغان مەھمۇد جانىبەگ ئاقساقال ئاكىسى سۇلتان مالىك كاشغەريي ۋە سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزاغا مەكتۇپ يوللاپ، جىيەنى ئەھمەد ھاجىبەگنى سەمەرقەندكە باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلەشنى تەلەپ قىلىپ، بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سورىغان. ئاكىسى ۋە ھۆكۈمدار ئۇنىڭ تەلىپىنى يوللۇق دەپ قاراپ، 1464 ـ يىلى يازدا ئەھمەد ھاجىبەگنى سەمەرقەندكە باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن مەھمۇد جانىبەگ ئاقساقالمۇ 1465 ـ يىلى يازدا ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سەمەرقەند شەھىرىدە 62 يېشىدا ۋاپات بولغان.

تۆمۈرىيلەرنىڭ ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى بەگلەر بېگى مەھمۇد جانىبەگ ئىدى. ھازىرقى ئىران، ئافغانىستان ۋە غەربىي پاكىستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈرۈنقى خۇراساندىكى بەگلەر بېگى ئەھمەد ھاجىبەگ ئىدى. مەزكۇر تاغا ـ جىيەن ئىككىسىنىڭ مەرتىۋىسى ۋە نوپۇزى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ۋە بۇ ئەلنىڭ ئۇلۇسبېگى سۇلتان مالىكتىن كېيىنلا تۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن تۆمۈرىيلەر سەلتەنىتى مەزكۇر تۆت كىشىنىڭ غايەت زور تىرىشچانلىقى بىلەن يەنە يېرىم ئەسىر ئارتۇق داۋام قىلدى. گەرچە، 1469 ـ يىلى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ھازىرقى قاراباغدا ئاق قويچىلارنىڭ سەردارى ئۇزۇن ھەسەن قولىدا قەتلى قىلىنغان ۋە بۇ كۆتۈلمىگەن يامان پاجىئە مەزكۇر خانلىقنى يەنە بىر قېتىم تولۇق يىمىرىلىش ۋە پارچىلىنىش گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويغان بولسىمۇ، سۇلتان مالىك كاشغەريي، ئەھمەد ھاجىبەگ، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزانىڭ ئۈچ ئوغلى، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ۋە ئەلشىر نەۋائىيلار يەنە بىر قېتىم غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنى پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشتىن تۇسۇپ قالغان. كېيىنچە مەزكۇر ھۆكۈمدارلار ۋە سىياسەتۋازلارنىڭ كەينى ـ كەينىدىن ۋاپات بولۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە، 137 يىل داۋام قىلغان تۆمۈرىيلەر سەلتەنىتى دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرىنىڭ ئاتامانى ئەبۇلخەيرخاننىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد شايبانىخان تەرىپىدىن 1507 ـ يىلى يازدا پۈتۈنلەي مۇنقەرز بولغان.

ئۆ. ئالماس تەھرىرلىدى

# ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىدىكى خىتاي جاسۇس



## ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىدىكى خىتاي جاسۇس

ئامېرىكا تەپتىش ئەمەلدارلىرى «USS Essex» ناملىق ئامېرىكا كېمىسىدە مېخانىك بولۇپ ئىشلەۋاتقان 25 ياشلىق جىنچاۋ ۋېيىنىڭ ئىنتېرنېتتا تونۇشقان بىرىگە ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى كېمىلىرىگە ئائىت سەزگۈر ئۇچۇرلارنى ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلىدىغان جىنچاۋ ۋېي چارشەنبە كۈنى ئامېرىكا سوتىدا سوتلاندى. سوتتا جىنچاۋ ۋېيغا يەتتە جىنايەت ئارتىلغان بولۇپ، بۇ جىنايەتلەرنىڭ ئالتىسى سەۋەبلىك قاماق جازاسى بېرىلىشى تەلەپ قىلىندى.

ئامېرىكا سان دىياگو تەپتىشى ئادام گوردون (Adam Gordon) مۇنداق دېدى: «جىنايەت گۇماندارىنىڭ قىلمىشى شۇكى، ئۇ ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە تەشكىلىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى. ئارقىدىن ئۆزىگە قىلىنغان ئىشەنچنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە سۇيىئىستېمال قىلدى. ئۇ ئامېرىكانىڭ ئەسكىرىي مەخپىيەتلىكلىرىنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە پۇلغا سېتىش ئارقىلىق، پەقەت دېڭىز ئارمىيىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ ۋە بارچە ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىنى خەتەرگە ئىتتەردى.»

تەپتىشلەر ۋېيىنىڭ تۇنجى نۆۋەت بىر خىتاي ھەربىي ئەمەلدارى بىلەن 2022 - يىلىنىڭ باشلىرىدا خىتايغا تەۋە بىر ئاممىۋى مېدىيا تور بېتى ئارقىلىق ئالاقە قۇرغانلىقىنى تىلغا ئېلىشتى.

شۇ قېتىملىق تۇنجى سۆھبەتتە ئۇنىڭ بىلەن تور ئارقىلىق ئالاقە قۇرغان خىتاي ھەربىي ئەمەلدارى ۋېيغا ئامېرىكانىڭ ھەر قايسى ئۇرۇش كېمىلىرىنىڭ قايسى قىرغاقلاردا ئىكەنلىكىنى ئۆزىگە دەپ بەرسە، ئۇنىڭغا 500 دوللار پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. تەپتىشلەرنىڭ ئېيتىشىچە ۋېي خىتاي ھەربىي ئەمەلدارى بىلەن بولغان شۇ قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن، ئامېرىكا ئارمىيىسىدىكى بىر خىزمەتدىشىغا بۇ ھەقتە سۆز قىلىپ «بۇ ئوچۇقتىن ئوچۇق جاسۇسلۇق» دېگەن.

تەپتىشلەرنىڭ بايانىچە، شۇنىڭدىن كېيىنكى 18 ئاي ئىچىدە «USS Essex» كېمىسىنىڭ رەسىم ۋە ۋىدىيولىرىدىن سىرت، ئامېرىكانىڭ سۇ ئۈستى ئۇرۇش پاراخوتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك نەچچە مىڭ بەتلىك تېخنىكىلىق ماتېرىياللارنى ئەۋەتىشى ئۈچۈن خىتاي تەرەپ ۋېيغا نەچچە مىڭ دوللار پۇل بەرگەن.

ۋېينىڭ ئادۋوكاتى ۋېينى ئاقلاپ، ۋېينىڭ قارشى تەرەپنى خىتاي ئاكادېمىك دەپ ئويلىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئەۋەتكەنلىرىنىڭ ھېچبىرىنىڭ قانۇنسىز ماتېرىياللار ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان. ۋېينىڭ قارشى تەرەپكە ئەۋەتىپ بەرگەن ئۇچۇرلىرىنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى تەرىپىدىن مۇھاكىمە قىلىندى.

ئامېرىكا ياردەمچى تەپتىش ئەمەلدارى ئادام بەرري (Adam Barry) ۋېي ئەۋەتكەن ئۇچۇرلارنىڭ كېمىلەرنى نىشانغا ئېلىش ياكى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋېينىڭ ئادۋوكاتى جونېس بولسا، ۋېي ئەۋەتكەن ئۇچۇرلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىر ماشىنىنىڭ ئىشلىتىش قوللانمىسىدا مەۋجۇت بولغان ئۇچۇرلارغا ئوخشايدىغان ئاددىي ئۇچۇرلار ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. شۇنداقلا، ئۇ ئەۋەتكەن ماتېرىياللارنىڭ ئەسلىدىنلا تور يۈزىدە ئوچۇق - ئاشكارە ماتېرىياللار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئادام بەرري جونېسنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئېتىراز بىلدۈردى.

مەيلى ۋېينى قارىلىغۇچىلار بولسۇن، مەيلى ئۇنى ئاقلىغۇچىلار بولسۇن، ھەر ئىككىلى تەرەپ ۋېينىڭ قىلمىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنىنىڭ بىرەر سىياسىي ياكى ئىدېئولوگىيىلىك سەۋەب ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىل مەۋجۇت ئەمەسلىكىدە ئورتاق پىكىرگە كەلدى. ۋېينىڭ ئاقلىغۇچىسى جونىس بۇ خىل سىياسىي مايىللىقلارنىڭ بولماسلىقى ۋېينىڭ جاسۇسلۇق قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. ئادام بەرري بولسا، ۋېينىڭ بۇنى قىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ پۇل ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. جونىس ۋېينىڭ ئەۋەتكەن ماتېرىياللىرىنىڭ ھېچبىرى ئۈچۈن پۇل تەلەپ قىلمىغانلىقىنى بايان قىلدى.

تەپتىش ئەمەلدارى ۋېينىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇنىڭ قانۇنسىز قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئادام بەرري ۋېينىڭ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى تەرىپىدىن چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ جاسۇس قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇل قوللىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق تەربىيىلەش ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىنتېرنېتتا قالدۇرغان ئىزلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردىن بىرىدە، ۋېينىڭ جاسۇسلۇق قىلدى دەپ سوتقا تارتىلىپ جازا بېرىلگەن باشقا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە خادىملىرىنىڭ داۋالىرىنى توردىن كۆرگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

جىنچاۋ ۋېينىڭ قولغا ئېلىنىشى يەنە بىر جىنايەت گۇماندارىنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن ئوخشاش ۋاقىتقا توغرا كەلگەن بولۇپ، كالىفورنىيە شتاتىنىڭ ۋېنتۇرا ناھىيىسىدىكى بىر دېڭىز ئارمىيە بازىسىنىڭ ئەسكىرىي خادىمى ۋېنخېڭ جاۋ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىگە ئائىت سەزگۈر ئۇچۇرلارنى خىتاي ھەربىي ئەمەلدارىغا ئەۋەتىپ بېرىش بىلەن ئەيىپلىنىپ، 27 ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى.

**ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى**

https://www.nbcsandiego.com/news/local/jury-deliberates-navy-sailor-jinchao-wei-espionage-trial/3888862/



# راھىبلىقتىن كارخانىچىلىققىچە: جەي شەتىنىڭ كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان ھاياتى ھېكايىسى

مايكىل لىئونارد

## راھبلىقتىن كارخانچىلىققىچە: جەي شەتىينىڭ كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان ھايات ھېكايىسى

مايكىل لېئونارد

ھاياتىڭىزنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىشنى ئويلاپ باققانمىتىڭىز؟ يەنى يېڭى بىر دۆلەتكە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىش، كەسپىڭىزنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش ياكى سىزنى خۇشال قىلالمايدىغان مۇناسىۋەتتىن قول ئۈزۈش دېگەندەك. بەلكىم ئىلگىرى سىز بۇلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىپ باققان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

بەزى قارارلار ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. خۇددى تونىي روبىنس (Tony Robbins) ئېيتقاندەك: «تەدبىرىڭىز تەقدىرىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.»

ھاياتىڭىزدا سىز چىقارغان مەلۇم بىر قارار — مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن — پۈتكۈل ھاياتىڭىزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. دەرىجىدىن تاشقىرى تور چولپىنى جەي شەتىي (Jay Shetty) بۇنىڭ ياخشى مىسالى. ئۇ ئەسلىدە بىر راھىب ئىدى. كېيىن ئىگىلىك تىكلەپ كارخانىچىغا، تور چولپىنىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان سىنلىق نۇتۇقلىرى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن.

ئۇ يېڭىلىقلارنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم تەلۋىلەرچە قارار چىقىرىپ، ئاخىرى ئۆزى ئارزۇ قىلغان ھاياتقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ تەسىرلىك ھايات ھېكايىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن بەلكىم سىزمۇ ھاياتىڭىزدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالىشىڭىز مۇمكىن.

### جەي شەتىي (Jay Shetty) كىم؟

جەي شېتتى داڭلىق تور چولپىنى، ئۇنىڭ سىنلىق نۇتۇقلىرى ئاجايىپ تەسىر كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇ چىقارغان سىنلارنىڭ كۆرۈلۈش قېتىم سانى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا 2 مىلياردتىن ئېشىپ كەتكەن! ئۇنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان سىنلىق نۇتۇقلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇمكىنچىلىككە بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەرگەن ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى ئىلھاملاندۇرغان.

ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇقىرى تەمىناتلىق خىزمەت تەكلىپىنى رەت قىلىپ، راھىب بولۇشنى تاللىغان ھەمدە كاستيۇم-بۇرۇلكىنى راھىبلىق كىيىمگە ئالماشتۇرۇپ، بىر بۇتخانىدا بىر نەچچە يىل تۇرغان.

كېيىن ئۇنىڭ ئۇستازى ئۇنىڭ تالانتىنىڭ بۇتخانىدا كۆمۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بۇتخانىدىن ئايرىلىپ، تالانتىنى پۈتۈن دۇنيا بىلەن ئورتاقلىشىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئۇ رېئال دۇنياغا قايتقاندىن كېيىن نۇتۇق سۆزلەش پائالىيەتلىرىگە تەكلىپ قىلىنغان. ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ نۇتۇقلىرى ئارىيانا خافىڭتوننىڭ (Arianna Huffington) دىققىتىنى تارتقان. ھازىر ئۇ فېيسبۇك، گۇگىل، كوكا-كولا قاتارلىق داڭلىق ماركىلار بىلەن ھەمكارلاشماقتا.

## جەي شەتتىنىڭ قانداق قىلىپ راھىبلىقتىن كارخانىچىغا ئايلىنالىغانلىقىدىكى تەسىرلىك بەش ھايات ھېكايىسى

### تېخنولوگىيەنىڭ ھاياتىڭىزنى كونترول قىلىۋېلىشىغا يول قويماڭ

تېخنولوگىيەنىڭ ئومۇملىشىشى يامان ئىش ئەمەس. مۇھىم بولغىنى بىزنىڭ ئۇنى قانداق كونترول قىلىشىمىزدۇر. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۆپىنچە كىشىلەر يانفوننىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالماقتا. ئۇلاردا يانفوننى كۈندە نەچچە يۈز قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرمىسا ياشيالمايدىغاندەكلا بىر ھالەت مەۋجۇت.

جەي شەتتي بۇتخانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ئىشەنمەيلا قالغان. تۆۋەندە كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ قانداق قىلىپ تېخنولوگىيەنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ چىقايلى:

ھەر سەھەردە تېلفونىڭىزنىڭ گۇدۇكى بىلەن ئويغىنىپ، ئۇيقۇڭىز ئېچىلغۇچە كارىۋاتتا يېتىپلا ئېلخەتلىرىڭىزنى، قىسقا ئۇچۇرلىرىڭىزنى تەكشۈرىسىز.

شۇ ياتقانچە بىردىن ئۇچكىچە تور سۇپىلىرىنى ئارىلاپ چىقىسىز.

خىزمەت ۋاقتىدا قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى بىخەستەلىك بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئېلخەتلەرنى كۆرۈش، تور بەتلەرنى ئارىلاش قاتارلىق ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىۋېتىسىز.

يالغۇز قالغاندا، مېترودا ياكى يول يۈرگەندىمۇ تېلفۇنىڭىز قولىڭىزدىن چۈشمەيدۇ.

ئۇخلاشتىن بۇرۇنمۇ كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ يەنە ئاخىرقى قېتىم تور سۇپىلىرىنى ئارىلاش، ئېلخەتلەرنى ۋە ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىسىز.

ئويغانغاندىن كېيىنمۇ يەنە شۇ ئىشلار تەكرارلىنىدۇ.

ئاڭلىماققا بۇ ئىشلار سىزگە تونۇشلۇقتەك قىلامدۇ؟

تېخنولوگىيەنىڭ قۇربانىغا، ئۇسكۈنىلەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئورنىغا، ئاشۇ تېخنولوگىيەلەرنى ئۆز مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىنىڭىز تۈزۈك. جەي مانا بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن كەلگەن ئاكتىپ ئۇچۇرلارنى ئىلغار تېخنولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ تارقىتىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

## قىزغىنلىق بىلەن ئېنىق نىشاننى بىرلەشتۈرگەندىلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ

كونىلارنىڭ «قىزغىنلىقىڭىز بولسىلا، ھاياتىڭىز بىر كۈنمۇ مەنىسىز ئۆتمەيدۇ» دېگەن سۆزى مېنىڭچە پۈتۈنلەي توغرا. ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلغاندا، ئۆزى رازى بولغان ھالدا تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدۇ. ئۇ ئادەمنى تېخىمۇ قانائەتلەندۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بايقاش ۋە ئۇنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش ناھايىتى مۇھىم.

جەي شەيتىينىڭ قارىشىچە، بۇ تۆت سوئالنىڭ بىرىكمىسىدىن ئۆزىڭىزنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز.

مەن نېمىگە ماھىر؟

مەن نېمە قىلىشنى ياقتۇرىمەن؟

مەن ياخشى كۆرىدىغان ئىشتىن قانداق پايدا ئالالايمەن؟

دۇنيا نېمىگە ئېھتىياجلىق؟

بۇ تۆتىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىنى تاپسىڭىز، قىزغىنلىقىڭىزنى بايقايسىز ۋە مەقسىتىڭىزنى تاپالايسىز. ئۇنى تاپقاندىن كېيىن، تۇرمۇشتىن ئېخىمۇ ھوزۇرلىنىسىز. چۈنكى سىز ئۆزلۈكسىز سىزنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ھەمدە باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان تۈرلەر ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان بولىسىز.

### راھەت رايونىڭىزدىن چىقىپ كېتىڭ

ئىنسان ئۆزىگە تونۇشلۇق ئىشلارنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ راھەت رايونىدىن ئايرىلىشى تەسكە توختايدۇ. ئەمما، شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۆسۈپ يېتىلىش پەقەت راھەت رايونىڭىزنىڭ سىرتىدا بولىدۇ.

جەي شەيتي ئېيتقاندەك «ئىنسانلار ئەكس سادا ئىچىدە ياشاشقا كۆنۈپ قالغان. شۇڭا ئەتراپىنى ئوخشاش تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەر ئورىۋالغان بولىدۇ. قاياققا قارىسىڭىز ئوخشاش چىراي، ئوخشاش ئويلايدىغان ئادەملەرنىلا كۆرىسىز.»

مۇبادا جەي 18 ياش ۋاقتىدا تۇنجى قېتىم راھىب بىلەن ئۇچراشقاندا كالللىسى ئوچۇق بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى باشقىچە بىر جايدا بولغان بولاتتى. ئىمكانقەدەر راھەت بەلۋېغىدىن ئايرىلىشقا تىرىشىپ بېقىڭ، چېگرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھەر كۈنى ئۆزىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلىڭ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىز ئۆزىمىز بىلەن ئوخشاش پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، ئوخشاش ھېسسىيات، سۆھبەت ۋە تەجرىبىلەرنى قايتا-قايتا ياشايمىز. ئەگەر سىز شۇ بىر يىلىڭىزنى باشقىچەرەك ئۆتكۈزۈشنى ئويلىسىڭىز، ئوخشىمىغان ئىشلارنى قىلىشىڭىز كېرەك.

### هاياتىڭىزنى ئاددىيلاشتۇرۇڭ

جەي شەتتي ئېيتقانىدەك «ئايرىلىپ قېلىش سىزنىڭ ھېچنېمىگە ئىگە بولالماسلىقىڭىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە ھېچ نەرسىنىڭ سىزگە تەۋە ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.» راھىبلارنىڭ شۇنچە ئاز نەرسىلەر بىلەن قانداق ياشايدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىستېمالچىلىق ۋە ماتېرىيالىزملىقنىڭ مېنى قانداق چۈشەپ قويىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىز ئېھتىياجلىق دەپ قارىغان ئارتۇقچە نەرسىلەر بىزنى ھەقىقەتەن ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھاياتىمدىكى ھەممە نەرسىنى ئاددىيلاشتۇردۇم. مەن ھەقىقەتەن زۆرۈر بولمىغان ئارتۇقچە كىيىم-كېچەك سېتىۋېلىشنى توختاتتىم، مۇھىتىمنى پاكىزلىدىم. جىسمانىي ۋە روھىي بوشلۇقۇم قانچە چوڭ بولغانسېرى ئۆزۈمنى شۇنچە ئازادە ھېس قىلدىم. زېھنىمنى يىغالايدىغان ھەمدە تەرتىپلىك بولۇپ قالدىم.

### مىننەتدار بولۇڭ

جەي شەتتي مىننەتدارلىقنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىر راھىب بولۇش سۇپىتىم بىلەن ھەر كۈنى سەھەرنى يېمەكلىك، سۇ ۋە ياشاش ئىقتىدارى بەرگەن تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىش بىلەن باشلايمەن. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: گەرچە ژۇرنال ۋە ستۇدىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش كۆپىنچە كىشىلەرگە نىسبەتەن يېڭىلىقتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئەنئەنە ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەدىتاسىيونمۇ شۇنداق. ئاشۇ كونا ئەنئەنىلەر مېنىڭ شەيئىيلەرگە بولغان چۈشەنچەمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زېھنىمنى جانلاندۇرۇشۇمغا ۋە باشقا نۇرغۇن پايدىلارغا ئېرىششىمگە ياردەم بەردى.

زېھىن يىغىش مەشىقىگە تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان ۋە مىننەتدارلىقنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرەلەيدىغان مەشقلەرنى بىرلەشتۈرۈپ سىناپ بېقىڭ. ھاياتىڭىز قانچە ئاددىي ۋە ساپ بولسا، تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىڭىز ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق ۋە ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچكە تولغان بولىدۇ.

**خۇلاسە**

بۇ يىل سىز غەيرەتكە كېلىپ باتۇرلۇق بىلەن نىشانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئالماقچىمۇ؟ ئۇنداقتا جەي شەيتىينىڭ بەزى پىكىرلىرىدىن ئۈرنەك ئېلىپ، ھاياتىڭىزغا قايتا قاراپ چىقىڭ ۋە يېڭى يىلدا ئۆزىڭىز ئويلىغاندەك ئادەمگە ئايلىنىشقا تىرىشىڭ. ھايات تولىمۇ قىسقا، بارلىق يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى جارىي قىلدۇرۇشقا يەتمەسلىكى مۇمكىن. ئۆزىڭىزگە ئىشەنسىڭىز ۋە چىن دىلىڭىزدىن ئۈمىد قىلسىڭىز، ھاياتىڭىزدا ئاشۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالايسىز. راھەت بەلۋېغىڭىزدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھاياتىڭىزنى ئاددىيلاشتۇرۇڭ ۋە ھەر بىر پەيتتىن مىننەتدار بولۇڭ!

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

(ئۆتكۈر ئالماس تەھرىرلىدى)

https://www.fearlessmotivation.com/2019/01/18/monk-to-entrepreneur-jay-shetty/

تۈگۈنلەر ۋە يېشىملەر



# ئېپستىن دېلوسى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىمىز

# ئېپستىن دىلوسى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىمىز

BBC

«ئېپستىن دىلوسى» ئاتالغۇسى ئۆسمۈر باللارغا جىنسىي جەھەتتىن يامان نىيەتتە بولغۇچى (paedophile) مالىيە خادىمى جېفرىي ئېپستىننىڭ (Jeffrey Epstein) جىنسىي جىنايەتلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ. «ئېپستىن دىلوسى» ئاتالغۇسى بارغانچە كۆچىيىپ كېتىۋاتقان بىر كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن ترامپ ھۆكۈمىتىنى ھەپتىلەردىن بېرى بىئارام قىلىپ كەلمەكتە.

ئېپستىنغا مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسى جەھەتتە تېخىمۇ ئېنىق يىپ ئۇچلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن دونالد ترامپنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە ئۇ تەۋە بولغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكىلەر تەرىپىدىن بېسىم تېخىمۇ ئاشماقتا.

جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىدىن جېيمس كومېرنىڭ (James Comer) بۇ ھەپتىدىكى باياناتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكا ئادالەت مىنىستىرلىقىنىڭ ئېپستىن ھەققىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە تاپشۇرۇشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

بۇ دىلوغا چېتىشلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئامېرىكىنىڭ يۇقىرىقى دەرىجىلىك قانۇن ئىجرا قىلىش ئەمەلدارلىرىدىن سەككىز كىشى بولغانىدىن سىرت، ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى بىل كلىنتون ۋە سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھىلارى كلىنتون قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن. بۇ دىلوغا چېتىشلىق كىشىلەر ئارىسىدا نۆۋەتتىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپنىڭمۇ ئىسمى بارلىقى مەلۇم بولغان بولسىمۇ، ترامپنىڭ ئېپستىن بىلەن 1990- ۋە 2000 - يىللاردا دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئېپستىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئارىسىدا ترامپنىڭمۇ ئىسمى بارلىقى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ جىنايەتكە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقى قەيت قىلىنماقتا.

ترامپ 2024 - يىللىق ئامېرىكا پرېزىدېنتلىق سايلىمى تەشۋىقاتلىرىدا خەلقكە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرنى ئوچۇق بايان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئاينىڭ بېشىدا پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئېپستىن داۋاسىنىڭ توختىتىلغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ جەھەتتە ئۆزىگە بېسىم ئىشلەتكەن ئۆز قوللىغۇچىلىرىنى تەنقىد قىلدى.

ئېپستىن 2008 - يىلى ئامېرىكالىق 14 ياشلىق بىر قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى فلورىدا ساقچى تارماقلىرىغا ئېپستىننىڭ ئۆيىدە ئۇلارنىڭ قىزىغا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سالغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. ئېپستىننىڭ ئۆيى ئاختۇرۇلۇش جەريانىدا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىدىن كىچىك قىزلارنىڭ رەسىملىرى تېپىلغان. شۇنداقلا، بالاغەتكە يەتمىگەن بىر ئۆسمۈر قىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت تەلەپ قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن جىنسىي تاجاۋۇز جىنايەتچىسى دەپ قارالغان. ئاقىۋەتتە، كېلىشىش پائالىيەتلىرىدىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماقتا مەھكۇم قىلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان.

شۇنىڭدىن ئون بىر يىلدىن كېيىن ئېپستىنغا بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر تور ئۇيۇشتۇرغانلىق جىنايىتى ئارتىلدى. ئېپستىن سوتلىنىشنى كۈتۈش پەيتىدە تۈرمىدە ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دەپ ھۆكۈم بېرىلدى.

ئېپستىن ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق سوئال - سوراق ۋە تەكشۈرۈشلەر بۇ ھەقتىكى بەكمۇ كەڭرى دەلىل - پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇنىڭدىن سىرت، 2021 - يىلى ئېپستىن بىلەن بىرلىكتە ياش ئۆسمۈرلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش سودىسى ئۈچۈن ئۆسمۈر قىزلارغا قىلتاق قۇرۇش بىلەن ئەيىپلەنگەن ئەنگلىيىلىك گىسلىين ماكسۋىل ھەققىدىمۇ تەكشۈرۈش باشلاندى. گىسلىين ماكسۋىل ئېپستىننىڭ ئىلگىرىكى قىز دوستى ئىدى.

بۇ يىل 2 - ئايدا ترامپ ھوقۇق بېشىغا چىقىپ بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئامېرىكا ئادالەت مىنىستىرلىقى ۋە فېدىرال ئىستىخبارات ئىدارىسى (FBI) «مەخپىيەتلىكى قالدۇرۇلغان ئېپستىن ھۆججەتلىرىنىڭ تۇنجى قەدىمى» دەپ تونۇتقان ھۆججەتلەرنى ئاشكارىلىدى. ئەمما، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىلگىرىكى ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەردىن كۆپ پەرقلىق ئەمەس ئىدى. بۇ يىل ئىيۇن ئېيىدا FBI بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئاشكارىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەردە ترامپنىڭمۇ ئىسمى بارلىقىنى قەيت قىلغان ۋال سترېت ژۇرنىلى، ترامپنىڭ ئىسمىنىڭ بۇ ھەقتىكى تىزىملىكتە بولۇشىنىڭ ئۇنىڭ ھوقۇقىنى سۇيىئىستېمال قىلمىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئاقساراي بۇ ھەقتە ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاقساراي باياناتچىسى مۇناسىۋەتلىك خەۋەرنى يالغانغا چىقاردى. باشقا بىر ئاقساراي ئەمەلدارى رويتېرس ئاگېنتلىقى بىلەن قىلغان سۆھبەتتە، ئاشكارىلانغان ھۆججەتتە ترامپنىڭ ئىسمىنىڭ بولۇشىغا ئىتىراز بىلدۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەردە گىسلېين ماكسۋېلنىڭ ياش ئۆسمۈرلەر جىنسىي تىجارىتى جىنايىتى سەۋەبلىك يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، گىسلېين ماكسۋېل ئېپستىيننىڭ سابىق قىز دوستى.

دونالد ترامپ بىلەن ئېپستىيننىڭ ئۇزۇن يىل دوست بولۇپ ئۆتكىنى، ئىككىسىنىڭ ئوخشاش كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، باردى - كەلدى قىلىشقىنى ئېنىق. ئىلگىرى ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەردە ترامپقا ئائىت ئۇچۇرلارنىڭ ئېپستىيننىڭ مەخپىي ئالاقە خاتىرىسىدە بار ئالغانلىقى كۆرسىتىلمەكتە. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇچۇش تارىخى كۆزدىن كەچۈرۈلگەندە، ترامپنىڭ بىر نەچچە قېتىم ئېپستىيننىڭ ئايروپىلانىدا ئۇچقانلىقى مەلۇم.

ترامپ بىلەن ئېپستىيننىڭ 1990 - يىللاردا يۇقىرىقى دەرىجىلىك سەرخىل كىشىلەر بىلەن بىللە چۈشكەن خاتىرە سۈرەتلىرى مەۋجۇت. يېقىندا CNN تەرىپىدىن تارقىتىلغان فوتو سۈرەتلەردە ئېپستىيننىڭ ترامپنىڭ شۇ يىللاردىكى ئايالى مارلا ماپلىس بىلەن ئۆتكۈزگەن توي مۇراسىمىغا قاتناشقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان.

ترامپ 2002 - يىلى ئېپستىيننى قالتىس ئادەم دەپ سۈپەتلىگەن. ئېپستىن كېيىن شۇنداق دېگەن: «ئون يىل مابەينىدە دونالد ترامپنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولغان ئىدىم.»

ترامپ ئۆزىنىڭ ئېپستىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ 2000 - يىللاردا ناچارلاشقىنىنى ئېيتتى. ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ترامپ بىلەن ئېپستىيننىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشى، ترامپ بىلەن ئېپستىيننىڭ فلورىدادىكى بەزى ئۆي - مۈلۈك جەھەتتىكى رىقابىتى سەۋەبلىك بولغان.

كىشىلەر ئۇزۇن زامان بىرى ئەمەلدارلار ئېپستىيننىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى سىر تۇتۇپ كەلدى دەپ قارايدۇ. بەزى كىشىلەر ئامېرىكانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەر ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان، ياش ئۆسمۈرلەردىن جىنسىي ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان گۇرۇھ مەۋجۇد دەپ قارايدۇ. بەزى سۈيىقەست نەزەرىيىلىرىدە، ئېپستىن ئىسرائىلىيە جاسۇسى ئىدى، دېيىلگەن.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.bbc.com/news/articles/c20r07dg6kro



# ئامېرىكادا يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان ئۆچمەنلىك جىنايەتلىرى يۇقىرىلىغان

ئىتامار ئېشنىر

# ئامېرىكادا يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان ئۆچمەنلىك جىنايەتلىرى يۇقىرىلىغان

ئىتامار ئېشنىر

ئامېرىكا ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ (ADL) دىرېكتورى جوناتان گرىنبلەت (Jonathan Greenblatt) مۇنداق بىر ئەندىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

«خاماسنىڭ 2023-يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىسرائىلىيەگە باشلىغان ھۇجۇمىدىن بېرى، ئامېرىكالىق يەھۇدىيلار ھېچقاچان ھوزۇرلۇق ياشىيالمىدى. مەكتەپلەردە، ئاممىۋىي مەيدانلاردا، خىزمەت ئورۇنلىرىدا ۋە يەھۇدىي ئورگانلىرىدا يەھۇدىي ئۆچمەنلىكىگە دۇچ كەلدى.»

ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنى قوش پارتىيىلىك نەپرەت جىنايىتىنى ئۆزگەرتىش قانۇن لايىھەسىنى (H.R. 2588) ماقۇللاشقا چاقىردى. بۇ قانۇن لايىھەسى ئامېرىكىنىڭ قانۇن ئىجرائات ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت مەبلىغىگە ئېرىشىش سالاھىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئامېرىكا فېدېرال ئىستىخبارات ئىدارىسىغا (FBI) نەپرەت جىنايەتلىرىنى ئىشەنچلىك ھالدا دوكلات قىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنىمۇ قىستۇرما قىلىمەنكى، يەھۇدىيلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش ۋەقەلىرى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ باش بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىشنى داۋام قىلماقتا. تېخى بۈگۈن ئەتىگەنلا مىسسۇرى شتاتىدا ئۈچ ماشىنىغا ئوت قويۇۋېتىلدى. ئوت قويۇۋېتىلگەن ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا «IDF غا ئۆلۈم» دەپ شوئارلار يېزىلغان ۋە بىر يەرلىك كىشىگە تەھدىت سېلىنغان ئىدى. ئامېرىكا فېدېرال ئىستىخبارات ئىدارىسى ۋە يەرلىك ساقچى دائىرىلىرى بىر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىسرائىلىيە مۇداپىئە تارمىقىدا خىزمەت قىلىشى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بۇ

ۋەقەنى ئۆچمەنلىك جىنايىتى دەپ قاراپ، بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش باشلىدى. ئامېرىكا فېدىرال ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئامېرىكادا دىنىي ئاساس قىلغان ئۆچمەنلىك جىنايىتىنىڭ يۈزدە يەتمىش پىرسەنتى يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان ئىكەن.

**ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى**

https://new.embassies.gov.il/multilateral-organizations-france/en/news/fbi-nearly-70-us-religion-based-hate-crimes-target-jews-source-ynet-itamar-eichner-august-6



# خىتاينىڭ تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشىغا تەيۋەن خەلقى قانداق قارايدۇ؟

تېسا ۋوڭ

# خىتاينىڭ تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشىغا تەيۋەن خەلقى قانداق قارايدۇ؟

تېسا ۋوڭ

BBC

(2025 ـ يىلى، 26 ـ ئاۋغۇست)

خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقى قىرغىقىغا بىر قانچە كىلومېتىر كېلىدىغان، تەيۋەنگە تەۋە كىنمېن ئارىلىغا قىلىنغان ھاۋا ھۇجۇمى ئەتراپنى شاۋقۇن سۈرەنگە تولدۇرغان پەيت نورمال بىر جۈمە سەھىرى ئىدى.

تەيۋەن ھۆكۈمىتىگە تەۋە ئىشخانىلاردىن بىرىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر چىراقلىرىنى ئۆچۈرۈشۈپ، ئۈستەللەرنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى. يەنە بەزىلىرى يەر ئاستى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا قاچتى. يېقىن ئەتراپتىكى بىر دوختۇرخانا يارىلىرىدىن قان ئېقىپ تۇرغان ھالەتتە كەلگەن كىشىلەرنى داۋالاش ئۈچۈن تېزلىك بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتتى.

بىراق قانلار يالغان، يارىدارلار پىدائىي رولچىلار ئىدى. ئۇلار ئالدىنقى ئايدا پۈتۈن تەيۋەن مىقياسىدا مەجبۇرىي ھالغا كەلتۈرۈلگەن خەلق مۇداپىئە ۋە ئەسكىرىي مانېۋىرىغا ئىشتىراك قىلغان كىشىلەر ئىدى.

بۇنىڭدىن مەقسەت خىتايدىن كېلىشى مۇمكىن بولغان ھۇجۇمغا تەييارلىق قىلىش ئىدى.

خىتاي ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت سۈرۈپ كەلگەن تەيۋەننى «ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش» ۋەدىسى بېرىپ، بۇ جەھەتتە ئەسكىرىي كۈچ

ئىشلىتىشتىنمۇ يانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلدى. خىتاينىڭ بۇ پوزىتسىيىسى تەيۋەننى ناھايىتى چۆچۈتىدىغان بىر تەھدىت ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى يىلى تەيۋەن پىرىزدېنتى سۇپىتىدە تەختكە چىققان ۋىلىيام لەي يېقىنقى يىللاردا مۇداپىئەنى كۈچلەندۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ كۈچلۈك ئىنتىلىشكە رىياسەتچىلىك قىلماقتا.

ئەمما پىرىزدېنت ۋىلىيام لەي دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ باش قېتىنچىلىقى ئۆز خەلقىگە بۇ مەسىلىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى بۇ ئىشنىڭ جىددىيلىقىغا قايىل قىلىش. ئۇنىڭ ۋەتەننى قوغداش تىرىشچانلىقى بىر جەھەتتىن قوللاشقا ئېرىشسە، يەنە بىر جەھەتتىن ئىختىلاپ ۋە مۇنازىرىگە يول ئاچتى.

تەيۋەن پايتەختى تەيبېيدا مالىيە خادىمى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان بەن ئىسىملىك بىر تەيۋەنلىك مۇنداق دېدى: «مەن مۇداپىئە مانېۋىرىغا ئېھتىياجىمىز بار دەپ قارايمەن. بۇ جەھەتتە خىتايدىن تەھدىت كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. لېكىن، خىتاينىڭ تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىۋېلىش ئېھتىمالى تۆۋەن، ئەگەر بىرگە راستتىنلا ھۇجۇم قىلماقچى بولسا، بۇرۇنلا قىلىپ بولغان بولاتتى» دەپ قارايمەن.

تەيۋەن دۆلەتلىك مۇداپىئە ۋە ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقات ئىنىستىتۇتى مۇشۇ يىلى ماي ئېيىدا ئېلان قىلغان بىر ئانكېتتا مەلۇم بولۇشىچە، 65 پىرسەنت تەيۋەن خەلقى خىتاينىڭ يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى تۆۋەن دەپ قارايدىكەن. ئامېرىكا «خىتاي تەيۋەننى 2027 ـ يىلىغا قەدەر ئىشغال قىلىشى مۇمكىن» دەپ ئەسكەرتكەن بولۇشىغا قارىماي، خەلقنىڭ بۇ مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى يۇقىرىقىدىن ئىبارەت.

## تەيۋەننىڭ ئەسكىري تەييارلىقى

«ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇرۇشتىن ساقلىنىۋاتىمىز.» بۇ پىرىزدېنت ۋىلىيام لەي ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى تەيۋەننىڭ نېمىگە دۇچ كەلگىنىنى بايان قىلىش ئۈچۈن دائىم قوللىنىپ كېلىۋاتقان جۈملە.

تەيۋەن ھۆكۈمىتى توقۇنۇشنى ئارزۇلىمايدىغانلىقىنى، ھالبۇكى تەيۋەنىنىڭ ئۆز مۇداپىئەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىنى ئىشقا سېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ كەلدى.

تەيۋەن چوڭ تىپتىكى ئەسكىرىي ئىسلاھاتلارنى باشلاش بىلەن بىرگە، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سېلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بېسىمىنىڭ ئارقىسىدىن، ئۆتكەن يىلى دۆلەت مۇداپىئە چىقىمىنى 23 پىرسەنت ئاشۇرۇپ، 31 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزدى. بۇ تەيۋەن GDP سىنىڭ يۈزدە ئۈچ پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ. ۋىليام لەي بۇ مىقدارنى 2030 ـ يىلىغا بارغۇچە بەش پىرسەنتكە چىقىرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

تەيۋەن ھۆكۈمىتى مەجبۇرىي ئەسكىرىي پروگراممىلارنىڭ ئۈزارتىلىشىنى يولغا قويۇشتىن سىرت، تەيۋەن ئارمىيىسىدىكىلەرنىڭ مائاشىنى ۋە ئىجتىمائىي ھەقلىرىنى ئاشۇردى. شۇنداقلا تېخىمۇ مۇنتىزىم ئەسكىرىي تەلىم ـ تەربىيە باشلىدى.

بۇ يۈزلىنىشلەر ئەسكەر يېتىشمەسلىك ۋە ئەسكەرلەرنىڭ روھىي ھالىتى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان. تەيۋەن ئەسكەرلىرى ئىلگىرىكى يىللاردا ئالغان ئەسكىرىي تەربىيىسىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىدىن شىكايەت قىلغان بولۇپ، تەيۋەن ئەسكەرلىرى كۆرسەتكەن ئەسكىرىي ئىپادىلىرىدىكى جانسىزلىق سەۋەبلىك «بۆلجۈرگەن ئەسكەرلەر» (strawberry soldiers) دەپ ئاتالغان.

تەيۋەن تەرەپ دۆلەت مۇداپىئە مانېۋىرىنى ھەر يىلى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يىل بۇ مانېۋىرغا 22 مىڭ ئەسكەر قاتناشتى. بۇ نىسبەت ئۆتكەن يىلدىكىدىن ئەللىك پىرسەنت ئارتۇق. بۇ مانېۋىرنىڭ يەنە بىر مەقسىتى، شەھەر ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىشتۇر.

ئەسكەرلەر ترانسپورت سىستېمىسىنى، تېز سۈرئەتلىك تاشيوللارنى ۋە شەھەر رايونلىرىنى دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى مەشىق مەيدانى سۈپىتىدە قوللاندى. تەيبېيدىكى دەريا قىرغىقىغا جايلاشقان بىر باغچا ھۇجۇمچى تىك ئۇچارغا ئوق ـ دورا يۈكلەش بازىسى قىلىندى. مەكتەپلەردىن بىرى تانكا رېمونت قىلىش فابرىكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھۆكۈمەت ئەسكىرىي مانېۋىرلارنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق پۇقرالارنى خىتاي ھۇجۇمىغا قارشى مۇداپىئە ھالىتىگە تەييارلىماقتا.

تەيۋەن ئالدىنقى ئايدا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ مانېۋىر ئۆيۈشتۇردى. نەتىجىدە مانېۋىر رايونىدا ئۆيى بولغان مىڭلارچە كىشى ئۆيىدىن سىرتقا چىقالمىدى. مېھمانخانىلار تاقىلىپ، رېستورانلار تىجارەتنى

توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. يولۇچىلار پويىز ۋە ئايروپىلانلارغا چىقالمىدى ياكى پويىز، ئايروپىلان قاتارلىقلاردىن چۈشەلمىدى. ھۆكۈمەت تەلىماتلىرىغا بويسۇنمىغانلار ئىقتىسادىي جازاغا ئۇچراش قىسمىتىگە دۇچ كەلدى.

## خىتاي بىزنى قورشاۋاتىدۇ

تەيبېي خەلقى ئوت ئۆچۈرۈش ۋە بىنادىن پەسكە سىيرىلىش مەشىقى قىلدى. خەلق دوختۇر، سېستىرا، ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى قاتارلىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ ياردارلارنى داۋالاش، ئوت ئۆچۈرۈش، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بىنا تۈسى بېرىلگەن غايەت زور خالتىلار كەيدۈرۈلگەن بىنالاردىن كىشىلەرنى پەسكە چۈشۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ بىرىدە خىزمەت قىلىدىغان تەيۋەن پۇقراسى ستانلىي ۋېي مۇنداق دېدى: «بۇنى ياخشى ئەھۋال دەپ قارايمەن. چۈنكى، تەھدىتنىڭ ئاشقانلىقىغا ئىشىنىمەن.» ئۇ خىتاينىڭ ئۇرۇش كېمىلىرى ئارقىلىق تەيۋەننى قورشاش ئۈچۈن قىلغان مانېۋېرلىرنى تىلغا ئېلىپ «خىتاينىڭ بىزنى قانداق قورشىغانلىقىغا قاراڭ!» دېدى.

ئۇچۇر تېخنولوگىيىسى ساھەسىدە خىزمەت قىلىدىغان رۇي ياڭ «خىتاي بىلەن تىنىچلىق ئىچىدە بىللە ياشىيالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن. ئەمما، مۇداپىئە ئىقتىدارىمىزنىمۇ ئاشۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى ئېيتتى: «ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدىن ئاۋۋال خىتاي بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ دېگەنىدەك گەپلەرگە پەرۋا قىلمايتتىم. بىراق، ئۇكرائىنا دۇچ كەلگەن ئەھۋاللاردىن كېيىن، خىتاينىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقىغا راستتىنلا ئىشىنىشكە باشلىدىم.»

## خىتاي تەيۋەننى ئىشغال قىلسىمۇ، بىزدەك ئاددىي پۇقرالارنى ھېچنېمە قىلمايدۇ

ستەنلىي ۋېيغا ئوخشاش بەزى تەيۋەنلىكلەر ئۆتكۈزۈلۋاتقان ھەربىي مەشقلەرنىڭ ياخشى ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئېيتسا، يەنە بەزى تەيۋەنلىكلەر بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قاراپ «خىتاي بىزگە ھۇجۇم قىلدى دەيلى، بىز نېمە قىلالايتتۇق؟» دېيىشىدۇ.

ليۇ فامىلىلىك تەيۋەنلىك ئېنژېنىر مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەسلىدىنلا ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ دەپ قارىمايمەن. بۇ تەھدىت بۇرۇندىنلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ھۇجۇم قىلدى دېگەندىمۇ، ئۇلار بىزدەك ئادەتتىكى ئىنسانلارغا قانداقمۇ زىيان يەتكۈزسۇن؟»

كىن مېن شەھىرى ئاھالىلىرى خىتاينىڭ تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىش مەسىلىسىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ. كىن مېنلىق نۇرغۇن كىشى تەيۋەننىڭ خىتاي بىلەن يېقىنلىقىنى پالاكەت ئەمەس، نېمەت دەپ قارايدۇ. كىن مېننىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ شيامېن شەھىرى ئارقىلىق تەيۋەن ئارىلى قىرغىقىدىكى كىنمېنگە تېز سۈرئەتلىك سۇ پاراخوتى ئارقىلىق كەلگەن خىتاي ساياھەتچىلەرگە خىزمەت قىلىشتىن كېلىدۇ.

«خىتاي ئەمدى بىزگە ھۇجۇم قىلمايدۇ. ھەممىمىز خىتاي، ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، بىزدەك ئاددىي كىشىلەرگە قانداقمۇ زىيان كەلسۇن؟» دەيدۇ 1958 ـ يىلى خىتاينىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئائىلىسى بىلەن بىللە تاغدىكى ئۆڭكۈرلەردە مۆكۈپ يۈرۈپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان كىن مېنلىق موماي ياڭ پېيلىڭ. ئۇ ئەينى يىللاردا خىتاينىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، ھۇجۇمغا ئۆز كۆزى بىلەن، ئۆز جىسمى بىلەن شاھىت بولغان بولۇپ، ئۇ بۇ يىل 77 ياشتا. ياڭ پېيلىڭ شيامېن ئارقىلىق دېڭىز يولى بىلەن كېن مىنغا كەلگەن خىتاي ساياھەتچىلىرىنى ئەنئەنىۋى يەل ـ يېمىش، گازىر ـ پۇرچاق ساتىدىغان دۇكىنىدا كۈتىۋالغاچ يۇقىرىقىدەك دېگەن.

ياڭ پېيلىڭ بىلەن ئوخشاش كوچىدا ھەدىيە بۇيۇملىرى دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان چېن ئىسىملىك تەيۋەنلىك ئايال مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلار بىنالىرىمىزنى كۇمپەيكۇم قىلىپ، بىزنى ئۆلتۈرسە، شەھەر بىنالىرى يوق بولغان، پۇقرالىرى ئۆلتۈرۈلگەن بۇنداق بىر زېمىنغا ئىگە بولغاننىڭ نېمە مەنىسى بار؟ ھېچنەرسىسى يوق بىر تەيۋەننى قولغا كەلتۈرىدۇ، ئەمما بۇنداق بىر زېمىن ئۇلارغا ھېچقانداق ئەۋزەللىك ئاتا قىلالمايدۇ.»

بۇ كۆز قاراش نۇرغۇنلىغان تەيۋەنلىكلەرگە ئورتاق بولۇپ، ئۇلار خىتاينىڭ تەيۋەننى ئىشغال قىلىشى خىتاينى بەك كۆپ چىقىمدار قىلىۋېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. خىتاي نۇرغۇن قېتىم «تىنىچلىق ئىچىدە

يېڭىدىن بىرلىشىش»نى خالايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ خاھىشى بەزى تەيۋەنلىكلەر تەرىپىدىن ۋەيران بولمىغان تەيۋەننى خالايدىغانلىقىنىڭ ئىشارىتى دەپ قارالدى.

پرېزىدېنت ۋىلىيام لەي بولسا «خىتاي تەيۋەننى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ» دېگەن قاراشنى كۆچەپ تەشۋىق قىلىدۇ.

تەيۋەنلىكلەرنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ جەھەتتە راھەت ھېس قىلدۇرغان مۇھىم كاپالەتلەردىن بىرى، خىتاي تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلغان تەقدىردە، ئامېرىكانىڭ تەيۋەنگە ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىدۇر. گەرچە مۇناسىۋەتلىك ئانكېتلاردىن دونالد ترامپ پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن بۇ خىل كاپالەتنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولسىمۇ، بىر قىسىم تەيۋەنلىكلەر «ئەگەر خىتاي تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلسا، ئامېرىكا بىزگە ياردەم قىلىدۇ. خىتاي ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئامېرىكا بىلەن روبىرو تۇتۇشۇپ قېلىشنى خالىمايدۇ (شۇڭا تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ)» دەپ قارايدۇ.

تەيۋەن دۆلەتلىك مۇداپىئە ۋە ئىستراتېگىيە ئىنىستىتۇتى ئانالىزچىسى شېن مىڭ شى مۇنداق دەيدۇ: «خىتاي تەيۋەنگە تەھدىت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، تەيۋەنگە ئەسلا ھۇجۇم قىلالمايدۇ، دېگەن يۇقىرىقىدەك قاراش ھەرگىزمۇ باللارچە، سەبىيلەرچە قاراش ئەمەس. شى جىنپىڭنىڭ تەيۋەنگە قارىتا ئىستراتېگىيىلىك ئۇرۇش نىيىتى بارمۇ؟ ھەئە، بار. بىراق، خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ئەسكىرىي كۈچى ئامېرىكاغا تەڭداش ئەمەس.»

**تەيۋەنلىك «بۆلگۈنچىلەر»**

خىتاينىڭ تەيۋەننى ئىشغال قىلىش قىلماسلىقى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تەيۋەننىڭ مەۋجۇدىيىتىگە ئالاقىدار مۇنازىرىلەردىن بىرى. ئەمما، ۋىلىيام لېي ئالدىنقى يىلى تەختكە چىققاندىن ئېتىبارەن، بۇ ھەقتىكى مۇنازىرە تېخىمۇ كۈچەيدى.

تەيۋەننىڭ ھېچقاچان خىتاينىڭ بىر پارچىسى بولمىغانلىقىنى داۋا قىلىدىغان ۋىلىيام لېي ۋە دېموكراتىك تەرەققىيات پارتىيىسى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «بۆلگۈنچى كۈچ» دەپ قارىلىنىپ كەلمەكتە.

خىتاي تەرەپ ۋىلىيام لېي باشچىلىقىدىكى تەيۋەن مانېۋىرلىرىنى «تەيۋەننىڭ يۇرتداشلىرىنى قەغەز يولۋاس سۈرگەن ئۇرۇش ھارۋىسىغا زورلاپ چىقارغانلىق، بۇ تەيۋەننىڭ بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۆزىنى گولداش ئويۇنى» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ.

خىتاي قانۇنىدا تەيۋەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلسا، خىتاي تەرەپ بۇ خىل قانۇنسىز مۇستەقىللىقنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن خىتاينىڭ بۇنىڭغا قارشى ھەربىي ھەرىكەت قوزغايدىغانلىقى مەۋجۇت بولسىمۇ، ۋىلىيام لەي تەيۋەننىڭ ئەسلىدىنلا مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى، بۇ سەۋەبلىك رەسمىي شەكىلدە مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تەيۋەن ھەتتا خىتاينىڭ تەيۋەننى ئىشغال قىلغانلىقىنى مەزمۇن قىلغان بىر كىنومۇ ئىشلىگەن بولۇپ، خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تەيۋەنلىكلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان نۇرغۇن تەشۋىقاتلىرى تەيۋەنلىك ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنى تېخىمۇ بەك قايغۇغا سالىدۇ. ئۇلار بۇنى خىتاينىڭ يۇمشاق ئىستېلا تاكتىكىسى دەپ قارايدۇ.

بەزى خەلقئارالىق تەتقىقاتچىلار ئۆز تەتقىقاتىدا تەيۋەننىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ تەشۋىقات ھۇجۇمىغا ھەممىدىن ئېغىر دۇچ كەلگەن يەر ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدى. مارت ئېيىدا تەيۋەن پرېزىدېنتى ۋىلىيام لەي خىتاينىڭ تەيۋەن ئىقتىسادى، كۇلتۇرى، مېدىياسى، ھەتتا ھۆكۈمىتى ئۈستىدىكى كونسېرى كۈچىيىۋاتقان تەسىرى ھەققىدە توختالدى. بىخەتەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كۆپلىگەن تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئاقىۋەتتە بىر تۈركۈم تەيۋەنلىك ئەسكەرلەر ۋە ئەسكىرىي رەھبەرلەر خىتاي ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلدى دەپ قارىلىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ۋىلىيام لېينىڭ سابىق ياردەمچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى جاسۇسلۇق بىلەن ئەيىبلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتايسۆيەر تەيۋەنلىك مەشھۇرلار، خىتاينى ئۇلۇغلايدىغان تور چولپانلىرى، ھەمدە تەيۋەن پۇقرالىرىنىڭ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن كەلگەن خوتۇنلىرى كۈچلۈك رەۋىشتە تەكشۈرۈلۈشكە دۇچ كەلدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى تەيۋەن تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى ياكى تەيۋەندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاندى.

تەيۋەن دۆلەتلىك مۇداپىئە ۋە ئىستراتېگىيە ئىنىستىتۇتى تارقاتقان بىر ئانكېتتا، تەيۋەن خەلقىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تەيۋەننىڭ دۆلەت مۇداپىئە چىقىمىنىڭ ئاشۇرۇلۇشىنى قوللىغان، ھەتتا ئامېرىكادىن قورال سېتىۋېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىقتىساد سەرپ قىلىش لازىم دەپ قارىغان.

يەنە بىر تۈركۈم تەيۋەن پۇقرالىرى بولسا، ۋىلىيام لېينىڭ خىتايغا قارشى قاتتىق پوزىتسىيىسى، سىياسىي سۆزلىرى ۋە مانېۋىرلىرى خىتاينىڭ تېتاك تومۇرىغا تېخمۇ بەك تېگىدۇ، خىتاينى تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ، دەپ قارىغان.

نۆۋەتتە تەيۋەندە ئاساسىي مۇخالىپەتچى پارتىيە ھېسابلىنىدىغان گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەت دېرىكتورى ئالېكساندىر خۇاڭ پرېزىدېنت ۋىلىيام لەينى «قالايمىقان سۆزلەرنى قىلىپ خىتايلارنى قورقۇتۇش سەۋەبلىك تەيۋەن بوغۇزىدىكى مۇقىملىققا زىيان سالدى» دەپ ئەيىبلىدى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.bbc.com/news/articles/cp94v42gmg9o



# سودا دۇنياسىدىكى بەش چوڭ رىقابەتچى

## سودا دۇنياسىدىكى بەش چوڭ رىقابەتچى

كۈچ خەتەرلىكتۇر. سىز قانچىلىك كۈچەيسىڭىز شۇنچە كۆپ رىقابەتچىگە دۇچ كېلىسىز. ئۇلار سىزنىڭ خېرىدارلىرىڭىزنى، قابىل خىزمەتچىلىرىڭىزنى ۋە بازاردىكى ھەسسىڭىزنى شۇنچە كۆپ ئوۋلايدۇ. بىز ئۆزەك، سۈنئىي ئەقىل، ئېلېكترونلۇق ئاپتوموبىل، مەبلەغ سېلىش، پۇل ـ مۇئامىلە ۋە ئېنېرگىيە ساھەسىدىكى بەش چوڭ رىقابەتچىنى تىزىپ چىقتۇق. بۇ رىقابەتچىلەر ئىنتايىن ماھىر ۋە رەھىمسىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاتقان چېلبۆرىلەرنىڭ بارلىقىنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلماڭ.

«Fortune» 2025 ـ يىللىق دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەر دەپ قارىغان كىشىلەرنى بۇ يەردە كۆرەلەيسىز.

### سۈنئىي ئەقىل ئۆزەكلىرى ساھەسىدىكى رىقابەتچىلەر

جېنسېن خۇاڭ (Jensen Huang)

نۋىدىئا باش دىرېكتورى، ئامېرىكا

نۋىدىئا (Nvidia) شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جېنسېن خۇاڭ ئۆز شىركىتىنىڭ بۇنچە تېز زورىيىپ كېتىشىدىن پەخىرلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى، نۇرغۇنلىغان شىركەتلەر ئۇ ئىشلەپچىقارغان كۈچلۈك كومپيۇتېر ئۆزەكلىرىگە ھاجەتمەن بولغانلىقى سەۋەبلىك، نۋىدىئا كۈنىمىزدە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك شىركەتلەردىن بىرى بولۇپ قالدى. بۇ ئۆزەكلەر سۈنئىي ئەقىل سىستېمىسىنى يارىتىشتا ۋە ماڭغۇزۇشتا بولمىسا بولمايدىغان ھالەتتە.

نۋىدىئا ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ئۆزەكلەرنىڭ يۈزدە توقسان پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى سۈنئىي ئەقىل ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ ۋەجىدىن، جېنسېن خۇاڭ بۇ ساھەدىكى لىدىر شەخس ھېسابلىنىدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، جېنسېن خۇاڭ يېڭى رىقابەتلەرگە دۇچ كەلمەكتە. AMD ئۆزەك ساھەسىدە نۆۋەتتە ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى بولۇش ئۈچۈن تىركەشمەكتە. شۇنىڭدەك «Groq»، «Cerebras»، «SambaNova» قاتارلىق يېڭى شىركەتلەر سۈنئىي ئەقىلنىڭ سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەشتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى ئۆزەكلەرنى بازارغا سالماقتا. گەرچە بۇ شىركەتلەردىن ھېچبىرى نۆۋەتتە بۇ ساھەدىكى ئۈستۈن ئورنىغا ھەقىقىي رەقىب بولالمىسىمۇ، بىراق بۇ ئەھۋال كەلگۈسىدە ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

لىسا سۇ (Lisa Su)

AMD خوجايىنى ۋە باش دىرېكتورى، ئامېرىكا

AMD باش دىرېكتورى لىسا سۇ جېنسېن خۇاڭنىڭ نەۋرە سىڭلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ شىركەت مەركىزى جېنسېن خۇاڭنىڭ ندىۋئىا شىركىتىدىن بىر نەچچە كىلومېترلا يىراقلىقتا، ھەر ئىككى شىركەت كىرىمنى جىلغىسىغا جايلاشقان. AMD سۈنئىي ئەقىل ئۆزەكلىرىگە بولغان تەلەپنىڭ ئارتىشى پەيتىدە ئۆزىنى بۇ ئۆزەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈيغۇن ئىشلەپچىقارغۇچى سۈپىتىدە تونۇتۇشقا تىرىشماقتا. AMD شىركىتى تەمىنلەش زەنجىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە نۆۋىدىئانىڭ قاتتىق كونترول قىلىدىغان سەپلىمە ۋە ئېكو سىستېمىسىغا باغلىنىپ قېلىشنى ئازايتىش ئارزۇسىدىكى مىكروسوفت ۋە مېتا قاتارلىق چوڭ شىركەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

**توكلۇق ماشىنا ساھەسىدىكى رىقابەتچىلەر**

ئېلون ماسك (Elon Musk)

Tesla, SpaceX, xAI قاتارلىق شىركەت ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ خوجايىنى، ئامېرىكا

ئېلون ماسك تېسلا ماركىلىق توكلۇق ماشىنىسىنى كىشىلەرگە ساتقان كىشى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈچۈر ـ ئالاقە ساھەسىگە ۋە سىياسەتكە يېقىنلاشقانسېرى تېسلانىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. تېسلانىڭ 2024 ـ يىلىدىكى سېتىش مىقدارى تۇنجى قېتىم كەينىگە چېكىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇ چېكىنىش داۋام قىلدى. ماسك كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنى

تېسلانىڭ سۈنئىي ئەقىل ۋە كامېراغا تايىنىپ ھەيدەش سىستېمىسىغا قارىتىپ، ماشىنا ئادەملەشكەن تاكسى ۋە ئادەملەشكەن ماشىنا ئادەملەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتتى. 6 ـ ئايدا ماشىنا ئادەم تاكسىسىنى تونۇشتۇردى.

ئوبزورچىلار «تېسلا شىركىتىنىڭ ئاپتوماتىك ھەيدەش تېخنولوگىيىسى ۋايمو (Waymo) ۋە BYD قاتارلىقلارنىڭ خېلى بەك ئارقىسىدا قالدى» دېيىشتى. گەرچە تېسلا دۇنيادا قىممىتى ئەڭ يۇقىرى ئاپتوموبىل شىركەتلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئۈستۈنلۈكىنى داۋاملىق ساقلىيالىشى نائېنىق.

ۋاڭ چۇەنفۇ (Wang Chuanfu)

BYD شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باش دىرېكتورى، خىتاي

BYD توكلۇق ماشىنا سېتىش رىقابىتىدە ھەممىنى كەينىدە تاشلىۋېتىش ئۈچۈن تېسلا بىلەن دوئېلنى باشلىغاندا، ئامېرىكا ئاپتوموبىل سانائىتى ساھەسى بۇ ھالغا دىققەت قىلىپ تۇردى. BYD نىڭ باھاسى مۇۋاپىق توكلۇق ماشىنىلىرى، تېز توك قاچىلاش تېخنولوگىيىسى ۋە ھەقسىز ھەيدەش ياردىمى سىستېمىلىرى شىركەتنىڭ خەلقئارا توكلۇق ماشىنا بازىرىنىڭ يېگىرمە پىرسەنتىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى رويابقا چىقاردى.

BYD يەنە مۇۋاپىق باھانى تىزگىنلەش ئۈچۈن تۆمۈر ۋە فوسفات ئىشلىتىلگەن يېڭىچە باتارېيەسى بىلەن توكلۇق ماشىنا باتارېيەسى ئىشلەپچىقىرىشتا كۆنمىزدە دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## سۈنئىي ئەقىل ساھەسىدىكى رىقابەتچىلەر

سەم ئالتمان (Sam Altman)، ئامېرىكا

OpenAI نىڭ باش دىرېكتورى ۋە قۇرغۇچىسى، ئامېرىكا

سەم ئالتمان قۇرغان OpenAI شىركىتىنىڭ ChatGPT سۇپىسى دۇنيا مىقياسىدا ھەر ھەپتىسى 780 مىليوندىن كۆپ كىشى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان ئىنتايىن داڭلىق سۈنئىي ئەقىل سۆھبەت سۇپىسى

ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ سۈپىنى چوڭ كارخانىلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرىمۇ قوللىنىدۇ. بۇ شىركەتنىڭ تۆرلۈك تېخنولوگىيىلىك ساھەلەردە كېڭيىش پىلانى ئۇنى بۇ ساھەنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ئورنىغا ئېلىپ چىقتى. بۇ يىل مارت ئېيىدا OpenAI شىركىتىنىڭ بازار قىممىتى 300 مىليارد دوللار دەپ باھالاندى. OpenAI بۇ يىل ئون مىليارد دوللاردىن كۆپراق پۇل تېپىش يولىدا تېزلىك بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

مارك زۇكېربېرگ (Mark Zuckerberg)

Meta شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باش دىرېكتورى، ئامېرىكا

سام ئالتامىننىڭ شىددەت بىلەن يۈكسىلىشى ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان يېڭى دۈشمەنلەرنى تېپىپ بەردى. يىللار ئىلگىرى ئېلون ماسك بىلەن ئارىسى بۇزۇلدى، يېقىنقى مەزگىلدە زۇكېربېرگ بىلەن ئارىسى بۇزۇلدى. گوگېل DeepMind ئەڭ ئىقتىدارلىق سۈنئىي ئەقىل مودېلىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن OpenAI بىلەن رىقابەتلەشمەكتە. ChatGPT بولسا گوگېلنىڭ ئىنتېرنېت ئىزدەش ساھەسىدىكى ئۈستۈنلۈكىگە قاتتىق خىرىس قىلماقتا.

## پۇل ـ مۇئامىلە ساھەسىدىكى رىقابەتچىلەر

جېيمى دىمون (Jamie Dimon)، ئامېرىكا

«JPMorgan Chase» بانكىسى 2000 ـ يىلى نيۇيوركتا قۇرۇلغان بولۇپ، ئامېرىكانىڭ ھەتتا دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ بانكىسى ھېسابلىنىدۇ. جېيمى دىمون مۇشۇ بانكىنىڭ باش دىرېكتورى. ئۇ ۋال سىچرىتنىڭ ئەڭ چوڭ ئاتامانلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنداقلا تارىختىكى ئەڭ چوڭ بانكىرلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. كىرزىس پەيتىدە ھەر قايسى پۇل ـ مۇئامىلە سودىگەرلىرى دىموننىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. ئۇ بۇ بانكىغا 2024 ـ يىلى 278.9 مىليارد دوللار كىرىم يارىتىپ، 58.5 مىليارد دوللار ساپ پايدا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئېتىبارى تېخىمۇ ئاشتى.

مارك رووۋان (Marc Rowan)

«Apollo Global Management» شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باش دىرېكتورى، ئامېرىكا

مارك رووۋان بىر چاغلاردا شىركەت ئادۋوكاتى ئىدى. يېقىنقى يىللاردا بولسا خۇسۇسىي سەرمايە ساھەسىدىكى پارلاق يۇلتۇز سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. رووۋان 2021 ـ يىلى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان «Apollo» شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى بولدى. كېيىنكى بەش يىلدا سەرمايىسىنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتىپ، ئىككى تىرىليون دوللارغا يېتىدىغان خۇسۇسىي قەرز ساھەسىگە جەسۇرانە ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. 2024 ـ يىلىنىڭ تۆتىنچى بۆلىكىدە 1.49 مىليارد دوللار پايدىنى قولغا كەلتۈردى. Apollo چوڭ شىركەتلەرگە ۋە ئورگانلارغا قەرز بېرىدىغان ھالەتكە كەلگەنسېرى، رووۋاننىڭ خۇسۇسىي قەرز يۈكى PMorgan Chase قاتارلىق ئەنئەنىۋى بانكىلار ئۈچۈن بارغانچە ئاشىدىغان قىيىنچىلىق شەكىللەندۈرمەكتە.

### ئېنېرگىيە ساھەسىدىكى رىقابەتچىلەر

دەرىن ۋۇدس (Darren Woods)

«Exxon Mobil» شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، ئامېرىكا

دەرىن ۋۇدس 2017 ـ يىلى «Exxon Mobil» شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى بولغان. بۇ شىركەت 2013 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بازار قىممىتى جەھەتتە خەلقكە ئوچۇق ئەڭ بۈيۈك شىركەت بولغىنىغا قارىماي، 2020 ـ يىلىدىكى يۇقۇملۇق ۋىرۇس دەۋرىدە بۇ ھالەتنى قولدىن بېرىپ قويىدى، دائىمىي رەقىبى Chevron بۇ پەيتتە تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، دەرىن ۋۇدسنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە «Exxon Mobil» شىركىتى قايتىدىن ئۆز ساھەسىدىكى يۇلتۇز سۈپىتىدە پارلاپ، پېرمىيان ھاۋزىسىدا نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتا لىدىر شىركەت ھالىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ گۈيانا قىرغاقلىرىدىكى نېفىت بايقاشلىرى سودا دۇنياسىنىڭ ھەستىنى قوزغايدىغان ھالەتتە.

مايك ۋىرس (Mike Wirth)

«Chevron» شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، ئامېرىكا

مايك ۋىرس 1982 ـ يىلى ئېنژېنىر سۈپىتىدە «Chevron» شىركىتىگە ئىشقا كىرگەن. ئۇ 2018 ـ يىلى بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى بولدى. بىر قانچە يىلدىن بېرى ئېنېرگىيە ساھەسىگە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق شىركىتى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغاندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە «Chevron» يېڭىدىن جانلانغان «Exxon» بىلەن رىقابەت ھالىتىدە. ئۇلار نېفىت ساھەسىدىلا ئەمەس، Lityum ساھەسىدىمۇ رەقىب ھېسابلىنىدۇ. ياۋروپانىڭ «BP» ۋە «Shell» شىركەتلىرى يېشىل ئېنېرگىيەنى زورايتىش ئۈچۈن كۈچەۋاتقاندا، بۇ ئىككى ئامېرىكا ئېنېرگىيە شىركىتى يېقىلغۇلارغا ۋە تۆۋەن كاربونلۇق يېقىلغۇ تىجارىتىگە دىققىتىنى بەردى.

ئىنگلىزچىدىن ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى

https://fortune.com/2025/08/05/most-powerful-people-rivalries-nvidia-amd-openai-meta-tesla-byd/


كۆڭۈل ۋە تەن
سىزگە بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدىغان
12 ئادەت
ئەن پىترەنجىلو

# سىزگە بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدىغان 12 ئادەت

ئەن پېترەنجىلو

بەختكە قانداق تەبىر بېرىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، خۇشال ياشاش ۋە ئۆزىڭىز تېخىمۇ رازى بولغىدەك ھايات كەچۈرۈش يەتتىكلى بولمايدىغان نىشان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت كۈندىلىك ئادىتىڭىزدە ئازراق ئۆزگىرىش بولسىلا كۇپايە. مەسىلەن، كۆپرەك ئۇخلاش ۋە كۆپرەك چېنىقىش قاتارلىق ئادەتلەر سىزنى بۇ نىشانىڭىزغا تېزراق يېقىنلاشتۇرالىشى مۇمكىن.

ئادەتنىڭ كۈچىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئەگەر سىز بۇرۇن بىرەر يامان ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىڭىز، ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسىز. يامان ئادەتكە ئوخشاشلا، ياخشى ئادەتمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولىدۇ. ئۇنداقتا نېمىشقا ئىجابىي ئادەتنى كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزنىڭ بىر قىسمى قىلىشقا تىرىشمايسىز؟ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەركىمنىڭ بەخت چۈشەنچىسى ئوخشىمىغاچقا، بەختنى قوغلىشىش يوللىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.

مۇبادا بەزى ئادەتلىرىڭىز سىزگە تېخىمۇ كۆپ بېسىم پەيدا قىلغان بولسا ياكى تۇرمۇش ئۇسلۇبىڭىزغا ماس كەلمىگەن بولسا، ئۇلارنى دەرھال ئۆزگەرتىڭ. ئازىراق ۋاقىت سەرپ قىلسىڭىز ھەمدە تەكرارلاپ بەرسىڭىزلا، ئۆزىڭىزگە نېمىنىڭ ماس كېلىدىغان ۋە نېمىنىڭ ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بايقىيالايسىز.

**كۈندىلىك ئادەتلەر**

تۆۋەندىكى كۈندىلىك ئادەتلەرنى ئۆزىڭىزگە ھەمرا قىلسىڭىز، تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىققا ئېرىشەلەيسىز:

1. چېنىقىش

چېنىقىش پەقەت بەدىنىڭىز ئۇچۇنلا ئەمەس. قەرەللىك چېنىقىش ئىنسان مېڭىسىدىكى بېسىم، تەشۋىش ۋە چۈشكۈنلۈككە چېتىشلىق خىمىيىلىك ماددىلىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىپلا قالماستىن، يەنە خۇشاللىق ۋە تۇرمۇشقا بولغان رازىمەنلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ.

بىراقلا ھەددىدىن زىيادە ئېغىر ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. مۇبادا بىردىنلا يۇقىرى سىجىللىقتىكى چېنىقىشنى باشلىۋەتسىڭىز، ئاسانلا چارچاپ ئۇزۇنغا داۋاملاشتۇرالماسلىقىڭىز مۇمكىن (مۇسكۇللىرىڭىز ئاغرىش، تارتىشىپ قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى).

چېنىقىشنى ئاددىي ھەرىكەتلەردىن باشلاڭ. يەنى پىيادە يول يۈرۈش ياكى بەش مىنۇتلۇق بەدەننى سوزۇش ھەرىكىتى دېگەندەك. بارا-بارا بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ پايدىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەرىكەت مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى ئويلاشسىڭىزمۇ بولىدۇ.

2. يېتەرلىك ئۇخلاش

قورامىغا يەتكەنلەر كۈنىگە كەم دېگەندە يەتتە سائەت ئۇخلاشقا موھتاج. ئەگەر كۈندۈزى مۈگۈدەپ قېلىۋاتقان، بېشىڭىز ئېغىرلىشىپ، دىققىتىڭىزنى يىغالمايۋاتقان بولسىڭىز، بۇ بەدىنىڭىزنىڭ كۆپرەك ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

نۆۋەتتىكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، بەزى تەشۋىقاتلاردا ئىنسانلارنى ئازراق ئۇخلاشقا رىغبەتلەندۈرىۋاتقان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمەكتە. نىملا دېمىگەن بىلەن، يېتەرلىك ئۇخلاشنىڭ ساغلاملىق، مېڭە ئىقتىدارى ۋە ھېسسىياتنىڭ مۇقىملىقىغا كۆرسىتىدىغان رولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلىمىز. شۇڭا قېنىپ ئۇخلاشقا ياردەم بېرىدىغان بەزى چارىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشىمۇ زۆرۈر.

3. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش

مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەپ تۇرۇشنىڭ كۆپ پايدىسى بار، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ روھى كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە پايدىسى ناھايىتى چوڭ.

مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن چوڭ ئىشلارنى قىلىش كەتمەيدۇ. پەقەت ئاددىيغىنە ئىشلار ئارقىلىقمۇ مىننەتدارلىقنى ئىپادىلىگىلى ياكى ھېس قىلغىلى بولىدۇ، يەنى، خىزمەتدىشىڭىزنىڭ بىر ئىستاكان قەھۋە ئېلىپ بېرىشى ياكى خوشنىڭىزنىڭ سىزگە قاراپ قول پۇلاڭلىتىشى ۋە ياكى ئىللىق قۇياش نۇرىدىن ھوزۇرلىنىش دېگەندەك. ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىڭىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىجابىي ئىشلارغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بايقايسىز.

**ھەپتىلىك ئادەت**

تۆۋەندىكى ھەپتىلىك ئادەتلەرنى ئۆزىڭىزگە ئۆزلەشتۈرسىڭىز، تېخىمۇ خۇشاللىق تاپالايسىز.

4. ئۆي يىغىشتۇرۇش

ئۆي يىغىشتۇرۇش بەزىلەر ئۈچۈن خۇددى چوڭ بىر ئىشتەك باش قېتىنچىلىقى بولىشى مۇمكىن. لېكىن ئۆي يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن ھەپتىدە پەقەت 20 مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلسىڭىزلا چوڭ ئۈنۈمىنى كۆرەلەيسىز.

دەم ئېلىش كۈنلىرىڭىزدە ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ، بىر ئۆينىڭ مەلۇم يېرىنى، مەسىلەن، كىيىم ئىشكاپىڭىزنى ياكى نەرسىلەر قالايمىقان دۆۋىلىنىپ كەتكەن تارتمىلارنى رەتلەپ چىقىڭ، ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلەرنى تاشلاڭ ياكى مۇھتاجلارغا بېرىۋېتىڭ. بېرىۋېتىشكە ئاتىغان نەرسىلەرنى سالىدىغان مەخسۇس بىر يەشىك تەييارلاپ، ئۇدۇللۇق شۇ يەشىككە سېلىپ ماڭسىڭىز نەرسە-كېرەكلەرنىڭ قايتا دۆۋىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۆيىڭىز قالايمىقانلىشىپ ياكى نەرسە-كېرەكلەر توشۇپ كەتكەندەك ھېس قىلسىڭىز مۇشۇ ئامالنى سىناپ كۆرۈڭ.

5. دوستلارنى يوقلاش

ئىنسانلار ئادەتتە ئىجتىمائىي مەۋجۇدات دەپ قارىلىدۇ. باشقىلار بىلەن نورمال ئىجتىمائىي ئالاقە ئورنىتىش ئىنسانلارنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ. قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ دەرھال يېڭى دوست

تېپىشى سەل مۇشكۇلدەك بىلىنىدۇ. مۇھىم مەسىلە دوستىنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك بولىشىدا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سۈپىتىدە ۋە ساپاسىدا. ھەقىقىي چىن دوستتىن پەقەت بىر ـ ئىككىسى بولسىمۇ كۇپايە.

ئىجتىمائىي ئالاقىنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتقان بولسىڭىز، رايونىڭىزدىكى پىدائىيلار توپىغا قاتنىشىش ياكى بىرەر كۇرسقا تىزىملىتىپ بىر نەرسە ئۆگىنىڭ. بۇ ئارقىلىق ئەتراپىڭىزدىكى ئوخشاش قىزىقىشتىكى پىكرداش كىشىلەر بىلەن تونۇشالايسىز ۋە مۇناسىۋەت ئورنىتالايسىز. بەلكى ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاش دوست ئىزدەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

6. تەبىئەتكە يېقىنلىشىش

ھەپتىدە كەم دېگەندە يېرىم سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقتىڭىزنى تەبىئەت قوينىدا، يەنى يېشىللىقتا ئۆتكۈزسىڭىز كەيپىياتىڭىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تېخىمۇ پايدىلىق. ھەرقانداق جايدىكى يېشىلزارلىقلار، يەنى ئەتراپىڭىزدىكى باغچىلار، ئارقا ھويلىڭىز ياكى بالكونلىرىڭىزدىكى يېشىللىقلار، گۈل ـ گىياھلار دېگەندەك ئۆزىڭىز راھەتلىنىدىغان، ساپ ھاۋالىق جايلار بولسىلا بولۇۋېرىدۇ. مۇشۇ يېشىلزارلىقلاردا يۈرگەن ۋاقتىڭىزدا ئەڭ ياخشىسى ئاز تولا چېنىقىش ھەرىكەتلىرىنى قىلسىڭىز تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز. تەتقىقاتلاردا بايقىلىشىچە، يېشىلزارلىقتا سەيلە قىلىشقا ئامراق كىشىلەرنىڭ چېنىقىش ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدىكەن.

**ئايلىق ئادەتلەر**

تۆۋەندىكى ئايلىق ئادەتلەرنىڭمۇ خۇشاللىقىڭىزنى ئاشۇرۇشقا ياردىمى بولۇشى مۇمكىن

7. جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇش

بەزى كىشىلەر جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرغاندا كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى بايقىغان. يەنى ئايدا بىرەر كۈن خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ پىدائىيلىق قىلىش ياكى بىرەر كىچىك دوستىنىڭ بالىلىرىغا قاراپ بېرىش قاتارلىقلار. ئەگەر بۇنداق ئىشلارغا ۋاقتىڭىز بولمىسا، ھېچ بولمىغاندا ئەتراپىڭىزدىكىلەرنى ئازراق بولسىمۇ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ماختاش ئارقىلىق خۇشال

قىلىشنى سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ. كىشىلەر ھەممىشە سىز كۆرسەتكەن ئازراق ھۆرمەتتىن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ.

8. سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىش

سىرتلارغا چىقىپ بىللە ئايلىنىدىغان ھەمراھىڭىز بولمىسا، ئۆزىڭىز يالغۇز ئايلىنىڭ. ئۆزى يالغۇز ئايلىنىشقا بولمايدۇ دەيدىغان قائىدە ھېچيەردە بولمىغاندىكىن ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان رېستورانلارغا بېرىپ، كۆڭلىڭىز تارتقان يىمەكلىكلەردىن ھوزۇرلىنىڭ. ئۇزۇندىن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىڭ. گەرچە سىز ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئامراق بولسىڭىزمۇ، ئازراق ۋاقىتنى يالغۇز قېلىپ ئويلىنىشقا سەرپ قىلسىڭىز، سىزنى ھەقىقىي خۇشال قىلىدىغان ئىشلارغا يولۇقىسىز.

9. ئوي-پىكرنى خاتىرلەش

مۇبادا ئۇچرىشىشقا ئون مىنۇت بالدۇر بېرىپ قالغان بولسىڭىز، بۇ ئون مىنۇتنى نېمە ئىش قىلىشقا سەرپ قىلىسىز؟ يانفونىڭىزدىكى توربەت ياكى ئەپلەرنى كۆرۈشكىمۇ ياكى ئالدىڭىزدا كېلىۋاتقان ئالدىراش ھەپتىدىن ئەنسىرەشكىمۇ؟ بۇ قىسقىغىنە ۋاقىتنى ئوي - پىكىرلىرىڭىزنى كونترول قىلىشقا سەرپ قىلسىڭىز، بۇنىڭ چوقۇم پايدىسىنى كۆرىسىز. يەنى بىر پارچە قەغەزگە ياكى تېلېفونىڭىزنىڭ خاتىرىسىگە مەيلى خۇشاللىق ئەسلىمىلىرىڭىز بولسۇن ياكى قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشلىرىڭىز بولسۇن خاتىرلەپ چىقىڭ.

**يىللىق ئادەتلەر**

سىزگە بەخت تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان تۇرمۇش ئادىتى ئۇستىدە ئويلىنىڭ ۋە يىلدا شۇنداق ئادەتلەردىن بىر ياكى بىرقانچىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ بېقىڭ.

10. ئويلىنىشقا ۋاقىت ئاجرىتىش

گەرچە يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى ھەرقانداق كىشىنىڭ بىر ئاز ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۆزى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلىنىدىغان ۋە يىللىق پىلانىنى تۈزىدىغان ياخشى پەيت بولسىمۇ، لېكىن يىللىق پىلانى بىر يىلنىڭ ھەرقانداق چېغىدا تۈزسە بولىۋېرىدۇ. خۇددى كونا دوستىڭىز بىلەن مۇڭداشقاندەك ئۆزىڭىز بىلەن مۇڭدىشىشنى سىناپ بېقىڭ:

قانداق ئەھۋالىڭ؟

نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن؟

بۇلتۇرقىغا قارىغاندا خۇشالمۇسەن؟

ئەمما جاۋابىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى قاتتىق ئەيىپلەشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. سىز يەنە بىر يىلغا قەدەم باستىڭىز، مانا بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان سەۋەب.

## 11. نىشانغا قايتا قاراپ چىقىش

ئىنسانلار ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ، شۇڭا قەيەرگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىڭىز ھەققىدە، ھەمدە سىز يەتمەكچى بولغان ئاشۇ نىشان شۇمۇ، ئەمەسمۇ دېگەن سوئاللار ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشىپ كۆرۈڭ. پىلانلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىشتىن نومۇس قىلماڭ. ئۆزىڭىزگە ماس كەلمەيدىغان نىشاندىن دەرھال ۋاز كېچىڭ. گەرچە بۇ نىشان ناھايىتى ئۇلۇغۋاردەك تۇيۇلسىمۇ.

## 12. تەنگە كۆڭۈل بۆلۈش

بۇنداق سۆزلەرنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىڭىز بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق. سىزگە بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدىغان ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە بەدىنىڭىزنى قەرەللىك ھالدا تەكشۈرتۈپ تۇرۇشمۇ مۇھىم. مەسىلەن، يىلدا قەرەللىك سالامەتلىك تەكشۈرتۈش، قەرەللىك ھالدا چىش دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ چىشلارنى تازىلىتىپ تۇرۇش، دوختۇرنىڭ ئېغىز بوشلۇقى ۋە چىشنى ئاسراش ھەققىدىكى تەۋسىيەلىرىگە ئەمەل قىلىش، قەرەللىك ھالدا كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى تەكشۈرتۈپ تۇرۇش دېگەندەك.

خۇلاسە قىلغاندا نۇرغۇن ياخشى ئادەتلەر، يەنى بەدەن چېنىقتۇرۇشتىن تارتىپ كونا دوستلارنى يوقلاش ياكى تەبىئەت بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىش قاتارلىق ئادەتلەر سىزگە بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدۇ. بۇلارغا قوشۇپ يەنە ئايدا ياكى يىلدا ئۆزىڭىزگە يېڭى ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشنى سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئەمما ئۆزىڭىزگە بەك بېسىم قىلىۋالماڭ. ئەگەر بەزى ئادەتلەر سىزگە ماس كەلمىسە، ئۇنى دەرھال توختۇتۇڭ، ئۆزلەشتۈرۈشكە ھەرگىز زورۇقماڭ.

ئەگەر سىز ئېزىچىل ھالدا ھېچقانداق نەرسىدىن خۇشاللىق تاپالمىسىڭىز ھەمدە ئۆزىڭىزنى دائىم بەختسىز دەپ ئويلىسىڭىز دوختۇرىڭىز بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭ. بۇ بەلكى يوشۇرۇن خامۇشلۇق كېسىلىنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن، دوختۇرىڭىز سىزگە ياردەم قىلالايدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://www.healthline.com/health/how-to-be-happy


مىسلىسىز ئويغىنىش
ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ خىتايلارنىڭ
مۇھىم ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى نىشانىغا
ئالغانلىقى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى
ئېرىك گېلر

# ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرى خىتايلارنىڭ مۇھىم ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى نىشانغا ئالغانلىقى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى

ئېرىك گېلر

ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرى خىتاي تەرەپنىڭ مۇھىم ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى نىشانغا ئالغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. 13 دۆلەتتىن كەلگەن بىر ئاگاھلاندۇرۇشتا دۆلەت قوللىشى ئاستىدىكى خەكىرلارنىڭ (hacker) تور ـ تېلېگراف سىستېمىسىغا ۋە باشقا مۇھىم ئورگان تور ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئامېرىكا ۋە باشقا 12 دۆلەت چارشەنبە كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى خەكېرلارنىڭ ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىنى ھۇجۇم نىشانى قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. ئىتتىپاقداش ھۆكۈمەتلەر بىرلەشمە باياناتتا مۇنداق دېگەن: «چەتئەلنىڭ خەۋىرلىشىش قۇرۇلۇشلىرىنى ۋە تور مۇلازىمېترلىرىنى نىشانلىغان بۇ خىل سىڭىپ كىرىش ۋە بۇ قېتىملىق ھەرىكەت ئارقىلىق ئوغرىلانغان ئۇچۇرلار نەتىجىسىدە، خىتاينىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئۆزى نىشانلىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ دۇنياۋى مۇناسىۋەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئەۋزەللىكىگە ئىگە قىلىدۇ.»

بىر FBI خادىمىنىڭ ئېيتىشىچە خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ ھەرىكەت ئامېرىكادىكى 200 دىن ئارتۇق نىشاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەكسەندىن ئارتۇق دۆلەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا سىڭىپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولغان.

باياناتتا خەكىرلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىدىن ئۇچۇرلارنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتىشىگىچە بولغان جەريانلاردا ئىشلەتكەن تېخنىكىلىرى بايان قىلىنغان. خەكېرلارنىڭ باشقۇرغۇچىلارنىڭ كىملىك ئۇچۇرلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تور ھەرىكىتى مەخپىي نومۇرىنى يېشىشكە ئۇرۇنۇش ھەرىكىتىمۇ بايان قىلىنغان. باياناتتا يەنە تور تەھدىتلىرىگە قارشى ئامال ـ چارىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خىتاينىڭ تور ھۇجۇمىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كېڭىيىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش يۈزىسىدىن، ئامېرىكانىڭ كۆپلىگەن ئىتتىپاقداشلىرى دۇنياغا ئاگاھلاندۇرۇش خېتى ئېلان قىلىش ئۈچۈن FBI، تور ۋە ئۇل - مۇئەسسەسە بىخەتەرلىكى ئاگېنتلىقى، NSA ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تور جىنايىتى مەركىزى قاتارلىق ئورگانلار بىلەن ھەمكارلىق ھاسىل قىلىپ، مەسىلە ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ ھادىسىدىن كېيىن ئاۋستىرالىيە، كانادا، يېڭى زېلاندىيە، ئەنگىلىيە قاتارلىقلار دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىشىشى ئاساسىدا قۇرۇلغان «بەش كۆز ئىستىخبارات ئورتاقلىشىش بىرلەشمىسى»گە چېخ، فىنلاندىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، گوللاندىيە، پولشا ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ قوشۇلدى ۋە يۇقىرىقى بىرلەشمە باياناتنى ئورتاق رەۋىشتە ئېلان قىلدى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت باياناتتا «تور بىخەتەرلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى يامان غەرەزلىك تور پائالىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىشقا، خىتاي دۆلىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى ۋە باشقا يامان غەرەزلىك تور پائالىيەت تەھدىدىنى ئازايتىش ئۈچۈن بۇ تەۋسىيەدە يەر ئالغان يەڭگىللىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشنى كۈچەپ تەۋسىيە قىلىدۇ» دېدى. بۇ تەۋسىيە خىتاينىڭ قوللىشى ئاستىدىكى ھۇجۇملارغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ۋە سانائەت ئورگانلىرى دۇچ كەلگەن ئەھۋالغا ئائىت سۈرۈشتۈرۈشلەردىن قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇچۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەۋسىيەدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تور ھۇجۇمىغا كۆپلىگەن خىتاي شىركەتلىرى ياردەم قىلغان بولۇپ، سىچۈەن جۈشىنخې تور تېخنولوگىيىسى شىركىتى، بېيجىڭ خۇەنيۇ تيەنچۈەن ئۇچۇر تېخنولوگىيە شىركىتى، سىچۈەن جىشىن رۈيجيې تور تېخنولوگىيە شىركىتى قاتارلىقلار بۇ خىتاي شىركەتلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچ شىركەت ھېسابلىنىدۇ.

ئەنگلىيە دۆلەتلىك تور بىخەتەرلىك مەركىزى باش دىرېكتورى رىچارد خور (Richard Horne) مۇنداق دېدى: «خىتاي شىركەتلىرىنىڭ يامان نىيەتلىك تور ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېلىپ بارغان مەسئۇلىيەتسىز پائالىيەتلىرىدىن چوڭقۇر ئەندىشە ئىچىدىمىز.»

خىتاي خەكىرلىرى تېلگراف شىركەتلىرىنىڭ ئۇچۇر ئارقا سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ، تېلفۇن سۆھبەت خاتىرىلىرىنى، سوت ھۆكۈمىگە بىنائەن مەخپىي تىڭشاش ئارقىلىق قولغا چۈشۈرگەن ئۇچۇرلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان. شۇنداقلا بېيجىڭنىڭ ئۆزى نىشانلىغان كىشىلەرنىڭ ئورنىنى بېكىتىشكە ياردەمچى بولىدىغان خىلمۇخىل سەزگۈر ئۇچۇرلارنى ئوغرىلىغان.

گوگىلنىڭ تەھدىت ئىستىخبارات گۇرۇپپىسى باش ئانالىزچىسى جون خالتسكىت مۇنداق دېدى: «خىتاي خەكىرلىرىنىڭ تېلگراف ساھەسىگىلا تۇمشۇق تىقىپ قالماي، مېھمانخانا ۋە ترانسپورت ساھەسىگىمۇ بۆسۈپ كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كىشىلەرنى كۆچلۈك رەۋىشتە كۆزىتىپ تۇرۇش ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. بۇ ساھەلەردىن قولغا كىرگۈزۈلگەن ئۇچۇرلار بىراۋنىڭ كىم بىلەن پاراڭلاشقانلىقى، قەيەردە ئىكەنلىكى ۋە قەيەرگە بارغانلىقى توغرىسىدا مۇكەممەل بىر ئۇچۇر ئامبىرى شەكىللەندۈرۈش ئۇچۇنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.»

FBI تور بىخەتەرلىكى بۆلۈمى مۇئاۋىن مۇدىرى برېت لىزرمەن ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتىگە قىلغان سۆزىدە بېيجىڭنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئىشلىگەن شىركەتلەرنىڭ خالىغان شەكىلدە نىشان تاللىشىغا رۇخسەت بېرىشى سەۋەبلىك، بۇ تور ھۇجۇمىنىڭ ئادەتتىكى جاسۇسلۇق چەك ـ چېگرىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، مەخپىيەتلىككە قارا قول سۇنۇش قىلمىشىنىڭ پەقەت ئامېرىكاغىلا ئەمەس، كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە قارىتا ئورتاق يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى مۇھىم دەپ قارالغان ئورۇنلارغا ئايرىپ ئولتۇرماستىن ئورتاق ھۇجۇم قىلىنغانلىقى بايان قىلدى.

ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرى بىرلىشىپ ئېلان قىلغان مەزكۇر بايانامە خىتاي خەكىرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە بۇ چاغقىچە بولغان ئەڭ تەپسىلىي تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بايانامىدە يەنە خەكىرلار نىشانلىغان تور مەھسۇلاتلىرى ھەققىدە مەلۇم دەرىجىدە مەلۇمات بېرىلگەن.

باياناتتىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي خەكىرلىرى ھەر قايسى تور ـ خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشلىرىغا مەڭگۈلۈك ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك سوقۇنۇپ كىرىۋېلىش ئۇچۇنمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

خالتكۇستىنىڭ دېيىشىچە خىتاي خەكىرلىرى ئۆز ھەرىكەتلىرىنىڭ سىزىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىشىغا ياردەمچى بولىدىغان خەۋەرلىشىش سىستېمىلىرىنى بەش قولدەك بىلىدىكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز دۇچ كەلگەن خىتاي تور جاسۇسلىرى قىلىۋاتقان ئىشىدا قالتىس ئۇستىلاشقان بولۇپ، ئۆزى نىشانغا ئالغان كىشىلەر ئىشلىتىۋاتقان تېخنولوگىيە جەھەتلەردىمۇ كۆچلۈك تونۇشقا ئىگە. بۇ خىل ئەھۋاللار ئۇلارنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلماقتا.»

**ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى**

https://www.cybersecuritydive.com/news/china-cyberattacks-supply-chain-global-warning/758763/


كۆڭۈل ۋە تەن
كىملەرگە ئىشىنىپ كىملەرگە
ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك
مەمەت ئىمىن دوختۇر

# كىملەرگە ئىشىنىپ كىملەرگە ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك

دوختۇر مەمەت ئىمىن

بىزدە «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئىنساننىڭ ئالىسى ئىچىدە» دەيدىغان ئەقلىيە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ھايۋاننىڭ رەڭگى تېشىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ قانداق ھايان ئىكەنلىكىنى بىلىش ئاسان بولغان بىلەن، ئىنسساننىڭ رەڭگى ئىچىدە بولغاچقا، بىر ئىنساننىڭ قانداق بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس دېگەنلىك بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تارىختىن بۇيان قوللىنىپ كەلگەن ھىيلە - مىكىرلىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان «ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش» سىياسىتى سەۋەبىدىن، بىزنىڭ ئىنسانلارنى تونۇشىمىز ۋە كىمگە ئىشىنىپ كىمگە ئىشەنمەسلىكىمىز تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

تۆۋەندە مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قاراشلىرىمىزنى بەزى ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچى.

گو ۋېن گۈي كۆپۈنچە ئۇيغۇرلارغا تونۇش بولغان بىر ئىسىم بولۇپ، بىر زامانلاردا خىتاي كومىنىستىك ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈچلۈك ئاۋاز بولۇپ تونۇلغان ۋە خېلى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۆزىگە جەلپ قىلغان. 2023- يىلى 3- ئاينىڭ 15-كۈنى ئۇ بىر نەچچە جىنايەت گۇمانى بىلەن ئامېرىكانىڭ فېدىرال ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان، ئەمما ھازىرغا قەدەر ھۆكۈم كېسىلمىگەن.

گو ۋېن گۈي خىتايدىكى چوڭ بايلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىرىكلىك، پارىخورلۇق، باشقىلارنى گۆرۈگە ئېلىش، پۇل يۇيۇش، ئالدامچىلىق ۋە باسقۇنچىلىق جىنايەتلىرى بىلەن قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، 2014- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكاغا قېچىپ كەلگەن.

گو ۋېن گۈي ئامېرىكاغا كەلگەندىن كېيىن مىللىس كو نامى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنى خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ئۆكتىچى دەپ تەشۋىق قىلىپ كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ پرېزىدېنت ترامپ ئىگىدارچىلىقىدىكى مارا-لاگو كۇلۇبىنىڭ ئەزاسى بولغان ۋە ئامېرىكانىڭ كۆپلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىيونلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان.

2017-يىلى 8-ئايدا، خىتاي كارخانىلار گورۇھى بولغان HNA گورۇھى، گو ۋېن گۈي «كۆپ قېتىم يالغان بايانات ئېلان قىلدى ۋە تۆھمەت قىلدى» دەپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن نيۇ-يورك فېدېرال سوتىغا

ئەرز سۇنغان. ئەمما 2019-يىلى 3-ئايدا HNA گورۇھى گونىڭ يالغان باياناتىنىڭ ئەمدى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمىغانلىقىنى ۋە بۇ دەۋادىن ۋاز كېچىشنى پىلانلىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گو ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە تورى «گو مېدىيا» غا ئۇچۇر يوللاپ، ئۆزىنىڭ HNA گورۇھى دېلوسىدىن چېكىنىشنى رەت قىلغانلىقىنى ۋە داۋام قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

2019-يىلى 7-ئاينىڭ 23-كۈنى، گو بىلەن سودا تالاش-تارتىشى بولغان ئامېرىكا سودا تەتقىقات شىركىتى «Strategic Vision US LLC» ئامېرىكا فېدىراتسىيە سوت مەھكىمىسىدە گو ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇپ، گونىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ جاسۇسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

2020-يىلى 12-ئايدا خىتاي ئۆكتىچى تېڭ بياۋ گو ۋېنگۈينىڭ تېڭ بياۋ ۋە باشقا ئۆكتىچىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ سىرتىدا نامايىش تەشكىللىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گونى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن تىل بىرىكتۈردى دەپ ئەيىبلىگەن. بۇ گو ۋېنگۈينىڭ مۇددىئاسى ھەققىدە زىددىيەتلىك پەرەزلەرنى قوزغىغان.

گو ۋېنگۈي 2023-يىلى 3- ئاينىڭ 15-كۈنى نيۇ-يوركتىكى فېدېرال ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «ئەگەشكۈچىلىرىنى ئالداپ بىر مىليارد دوللار توپلىغان» دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغان. ئۇ پاي چېكى ۋە شىفىرلىق پۇل ئالدامچىلىقى، بۇلاڭچىلىق ۋە پۇل يۇيۇش قاتارلىق 12 تۈرلۈك جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلغان. 2024-يىلى 7-ئاينىڭ 16-كۈنى گو ۋېنگۈي سوتتا مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە قوللىغۇچىلارنى بىر مىليارد دوللار ئەتراپىدا ئالداش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ، 12 تۈرلۈك جىنايەت ئىچىدىن توققۇز خىل جىنايەت رەسمىلەشتۈرۈلگەن. نۆۋەتتە بەزىلەر گو ۋېن گۈي خىتايغا قايتۇرۇلۇشى مۇمكىن دەپ قارىسا، بەزىلەر گو ۋېنگۈينىڭ تۈرمە جازاسى بۇ يىل 9- ئايدا باشلىنىدۇ دەپ قارىماقتا.

گو ۋېنگۈي زادى خىتاينىڭ جاسۇسىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، گەرچە ھازىرچە ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ خىتايدا كۆپ خىل جىنايەت گۇماندارى مەزگىلىدە، خىتايدىن نۇرغۇن پۇل بىلەن ئامېرىكاغا قېچىپ چىقىپ، ئامېرىكادىكى خىتاي، خوڭكوڭ پائالىيەتچىلىرى ئارىسىدا كۆپلىگەن قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلىپ، ئىنسانلارنى كىمگە ئىشىنىپ كىمگە ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى، ھەتتا بەزى ئۇيغۇر، تىبەت پائالىيەتچىلىرى ئارىسىدىمۇ بەزى داۋالغۇش پەيدا قىلغانلىقى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت.

خائىن، ساتقىن، ئىشپىيون، جاسۇس ھەممە مىللەت ۋە دۆلەتلەردە بار. بۇرۇن بولغان، ھازىرمۇ بار، كەلگۈسىدىمۇ بولىدۇ. بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتتە ئۇنداق ئىنسانلارنىڭ بولۇشى قورقۇنۇچلۇق ئەمەس. ئەمما قورقۇنۇچلۇق بولغىنى، بىزدە ئۇنداق ئىنسانلارنى پەرق ئېتەلەيدىغان ۋە ئېنىقلايدىغان مۇستەقىل ئىستىخبارات ئورگانى ۋە ئۇلارنى جازالايدىغان ئەدلىيە، قانۇن قاتارلىق بىر كۈچ ۋە سىستېمىمىزنىڭ كەم بولۇشىدۇر. دەل شۇ سەۋەبتىن، بىز بىر تەرەپتىن بەزى ئىنسانلارغا ئاسان ۋە زىيادە ئىشىنىپ، ئىچىمىزنى تۆكۈۋەتسەك، يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلاردىن ئاسان گۇمانلىنىپ، ئۇلارنى خائىن، ساتقىن، ئىشپىيون، جاسۇسقا چىقىرىۋاتىمىز.

بىزدە دەل شۇنداق بىر مۇستەقىل كۈچ ۋە سىستېمىمىز بولمىغاچقا، يۇقارقى كەلمىلەرنى خالىغانچە قوللىنىپ، خەتەرلىك بىر يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتىمىز. بىزنىڭ باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ ئىچىمىزنى تۆكۈشىمىز قانچىلىك زىيانلىق ياكى ناتوغرا بولغان بولسا، باشقىلاردىن ئاسان ۋە زىيادە گۇمانلىنىپ ئۇلارنى خائىن، ساتقىن، ئىشپىيون، جاسۇسقا چىقىرىشىمىز ئوخشاشلا زىيانلىق.

«ئىشىنىش بىلەن گۇمان قىلىش ياكى ئىشەنمەسلىك» مەسىلىسى نۆۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى قانداق ساقلاش بىز ئۈچۈن بەك مۇھىم. ئەگەر بىز قايسى تەرەپكە ئېغىپ كەتسەك، مىللەت ئېغىر كىرىزىسقا دۇچ كېلىشى ۋە ئاخىرىدا قازانغۇچى خىتاي ھۆكۈمىتى بولۇشى مۇمكىن.

باشقىلارنىڭ ئادىمىيلىكىنى، ئەخلاقىنى ياكى ئىش قىلىش ئۇسۇلىنى ياخشى كۆرمەسلىك، ئۇلار بىلەن باردى كەلدى قىلماسلىق ھەر بىر ئىنساننىڭ تاللىشى بولۇپ، باشقىلاردىن ئېھتىيات قىلىش ياكى باشقىلارغا ئاسان ئىشەنمەسلىكنى تامامەن چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما ھېچقانداق ئاساسسىز ياكى يۈزەكى بىر ئەھۋالغا ئاساسەن، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماي تۇرۇپ باشقىلارنى خائىن، ساتقىن، ئىشپىيون، جاسۇس دەپ ئەيىپلەش ياكى باشقىلار توغرىسىدا شۇنداق بىر يەكۈن چىقىرىش، ئۇ تامامەن باشقا بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك جىددىي مۇناسىۋەتلىك مەسىلە.

گو ۋېن گۈينىڭ ھېكايىسىگە ئاساسلانغاندا، گو ۋېن گۈي 2017- يىلىدىن باشلاپ ئوخشىمىغان گۇرۇپپا ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەيىپلىنىپ، سوتقا شىكايەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكادەك كۈچلۈك بىر دۆلەتتە ئۇنىڭ دېلوسى ئۈچۈن نەچچە يىل كەتكەن يەردە، بىزنىڭ بىر ئادەم ئۈچۈن يەكۈن چىقىرىشىمىز شۇنچە ئاسانمۇ؟

ئاتا بوۋىلىرىمىز ئېيتقاندەك، بىز چوقۇم «ئۆزىمىزنى چىڭ تۇتۇشىمىز، قوشنىمىزنى ئوغرى تۇتماسلىقىمىز»، ئۆز ئىشىمىزغا پۇختا بولۇپ، دۈشمەننىڭ ئويۇنىغا كەلمەسلىكىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق مەسىلىگە سوغۇققان بولۇشىمىز، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا مەسىلىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنى بىرگە ئويلىشىمىز، ئەتراپلىق ئىزدەنمەي تۇرۇپ يەكۈن چىقىرىشقا ئالدىرىماسلىقىمىز كېرەك.

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2025 -يىلى 8 – ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 8 – ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2025 - يىلى، 8 - ئاي)

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى:

**ئامېرىكالىق قانۇن تۈزگۈچىلەر ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ تامىقىدىن خىتايدىن كەلگەن دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى سىقىپ چىقارماقچى**

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، ئۇيغۇرلارنى ناھەق ھالدا تۇتۇپ - سولاپ، جازا لاگېرلىرىدا ۋە تۈرمىلەردە قىيىن قىستاققا ئېلىش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ راستلىقىنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىسپاتلاپ كەلدى. «قانۇنسىز دېڭىز مەھسۇلاتلىرى پروجېكتى» ناملىق تەشكىلاتنىڭ 2023 - يىلدىكى تەتقىقاتلىرىدىن بىرىدە خىتاينىڭ دېڭىز مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتلىرىدىن بەزىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغانلىقى، بۇ زاۋۇتلاردىن 47 مىڭ توننا دېڭىز مەھسۇلاتىنىڭ ئامېرىكاغا ئىمپورت قىلىنغانلىقى ئوتتۇرىغا چىققان.

مەزكۇر تەتقىقات دوكلاتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئامېرىكا شىركەتلىرى خىتاي مال تەمىنلىگۈچى زاۋۇتلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەن. ئامېرىكا ئىچكى بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى توسۇش قانۇنى (UFLPA) دائىرىسىدە دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈلۈش تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر تۈركۈم خىتاي شىركەتلىرى قارا تىزىملىكتىن ئورۇن ئالغان. بۇ ۋەجىدىن، ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېڭى قانۇن لايىھىلىرى ھازىرلاش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

https://www.seafoodsource.com/news/supply-trade/us-lawmakers-want-to-root-out-any-chinese-seafood-from-the-military-over-uyghur-labor

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى:

**خىتاي «ھاۋا يىپەك يولى» ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىن ياۋروپاغا 40 مىڭ توننىدىن ئارتۇق مال يۆتكىگەن**

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە شەرقىي تۈركىستاندىن ياۋروپاغا ئۇچىدىغان قىرىقتىن كۆپ مال توشۇش لىنىيىسى ئېچىلغان. بۇ ھاۋا لىنىيەلىرى ئارقىلىق نەچچە مىڭ توننا توقۇلما بۇيۇملار، ئېلېكترون ئەسۋابلىرى، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە تور تىجارىتى ماللىرى توشۇلغان.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ (UHRP) دوكلاتىدا دېيىلىشىچە، بۇ ئەھۋال ئامېرىكا ۋە ئەنگىلىيە مال تەمىنلەش زەنجىرلىرىنىڭ «پاكىزلىقى»نى بۇلغىماقتا ئىكەن. چۈنكى «ھاۋا يىپەك يولى» ئارقىلىق خىتاي تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاندىن ياۋروپاغا توشۇپ كېلىنىۋاتقان بۇ ماللارنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان ماللار بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

https://www.politico.eu/article/china-new-air-silk-road-tons-goods-xinjiang-europe-uyghur-us-uk-forced-labour-trade/

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى:

**خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ يوق قىلىنىشى**

دىپلومات ژۇرنىلىدا «خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ يوق قىلىنىشى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ماقالە دۇنياغا تونۇلغان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى ئۆمەر قانات ئەپەندى تەرىپىدىن ئىنگىلىز تىلىدا يېزىلغان. ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنغان مەشھۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇقادىر جالالىدىن، يالقۇن روزى، قۇربان مامۇت، راھىلە داۋۇت، ئارسلان ئابدۇللا، تاشپولات تېيىپ قاتارلىقلارنىڭ تۇتۇلۇش ۋەقەلىكلىرى قىسقىچە بايان قىلىنىپ، خىتاينىڭ نېمشقا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى تۇتۇپ ـ سولاشقا ۋە يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ئانالىز قىلىنغان.

https://thediplomat.com/2025/08/chinas-genocide-and-the-eliticide-of-uyghur-scholars/

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى:

**خىتاي تېخىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىگە ئىگە بولمىدى**

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى (Amnesty) خەۋىرى:

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىتېتى 2022 - يىلى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن ئېغىر دەرىجىلىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ خىتاي بۇ جىنايەتلىرىدىن ھېچبىر شەكىلدە ھېساب بەرمىدى. بۇ جەھەتتە مەيلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، مەيلى خەلقئارا جەمئىيەت خىتاينى ھېسابقا تارتىش ھەجەتتە ھېچبىر رەۋىشتە رېئال قەدەم ئالمىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى تېخىچە ئۇيغۇرلارغا قارشى زۇلۇم ۋە باستۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر تېخىچە تۇتۇلۇپ كەتكەن يېقىنلىرىدىن خەۋەر ئالالمايدۇ. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار 2018 - يىلىدىن ئېتىبارەن تامامەن غايىپ بولۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئىز - دېرىكى يوق. ئۇيغۇرلار خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ رېئال قەدەملەرنى ئېلىشىنى ئارزۇلايدۇ.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى مۇستەقىل خەلقئارالىق تەكشۈرۈش ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى، خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارغا ئادالەتكە ئۇيغۇن ھالدا ھەققىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى، تۆلەمگە ئېرىشىشىنى تەلەپ قىلدى.

https://www.amnesty.org/en/latest/news/2025/08/china-still-no-accountability-for-crimes-against-humanity-in-xinjiang-three-years-after-major-un-report/

**ئۆ. ئالماس تەييارلىدى**



# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival